# ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەت ئېركى

مەسئۇل مۇھەررىر: توختى باقى

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

خەلقارا ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە زەبەردەس شائىر ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا نەزمەن تەرجىمە قىلىپ، ئىرانلىق بۇ پەيلاسوپنىڭ مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى پەلسەپۋى پىكىرلىرىنى ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىزغا تەقدىم قىلماقچى بولدۇم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئۆمەر ھەييام توغرىلىق بىلگەنلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى ئىزھار قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى توغرىلىق ھەممە گەپ ئەمەس، پەقەت باشلانغۇچ بىر چۈشەنچە.

ئۆمەر ھەييام — پارس شائىرى. ئۇ شائىرلا ئەمەس، جاھانشۇمۇل ئالىم، پەيلاسوپ، ئاسترونوم ۋە ماتېماتىك. ئۇنىڭ پەلسەپە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە ئەدەبىياتقا دائىر ئون نەچچە كاتتا ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. «ئۇقلىدنىڭ* ئەسەرلىرىدىكى بەزى مۈشكۈلات»، «ئەلۋۇجۇت» (بارلىق، مەۋجۇدىيەت)، «ھېساپ مەسىلىلىرىنىڭ يېشىلىشى ۋە ئىسپاتى»، «ئەشئار ئەرەبىيە» (ئەرەپچە شېئىرلار)، «تەقۋىمى جالالى» (جالالى كالىندارى)، «كىتابى ئۇلۇم تەبئىيە»، (تەبىي پەنگە

* ئۇقلىد — قەدىمقى يۇنان ماتېماتىكى؛ ئېۋكلىد دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ "ئېۋكلىد گېئومېتىرىيىسى" بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. — تەھرىردىن.

ئائىت كىتاپ)، «رۇبائىياتى ئۆمەر ھەييام» (ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى) ۋە باشقا ناملار بىلەن ئەرەپچە، پارىسچە يېزىلغان ئەنە شۇ ئەسەرلىرى، خۇسۇسەن ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى ئىقتىدارى ئۆز دەۋرىدە ئۆز جەمىيىتىنىڭلا ئەمەس، دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان. ئۆمەر ھەييامنىڭ مىلادى 1074 ـ يىلى پادىشا جالالىدىن مەلىكشاھنىڭ تەشەببۇسكارلىقىدا يەنە 7 نەپەر مۇنەججىم (ئاسترونوم) بىلەن بىرلىكتە مەشھۇر باغدات رەسەتخانىسىنى تەسىس قىلغانلىقى، ئۆزى ئۇنىڭ باشلىقلىقىنى زىممىسىگە ئېلىپ، «جالالى كالىندارى» دېگەن يىلنامىنى تۈز-گەنلىكى ۋە «زىجى مەلىكشاھى» دەپ ئاتالغان رەسەت ئىشلىرىغا ئائىت مەخسۇس جەدۋەل ـ خەرىتىنى لايىھەلەپ ـ سىزىپ چىققانلىقى دۇنيا تارىخلىرىدا قەيت قىلىنغان. خەنزۇ ئالىملىرىدىن گو مورونىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەر ھەييامنىڭ مەزكۇر يىلنامىسىنى ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى گىببون باھالاپ: "بۇ كالىندار ۋاقىتنى ھىساپلاشتا جۇلىان كالىندارىدىنمۇ توغرا بولۇپ، گىرىگورىيان يىلنامىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ" دەپ مەدھىيىلىگەن.

بىز بۇ يەردە ئۆمەر ھەييام ئەسەرلىرىدىن پەقەت «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» ئۈستىدىلا گەپ قىلىمىز. بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، «رۇبائىياتى ئۆمەر ھەييام» ناملىق ئالەمشۇمۇل بۇ ئەسەر 1970 ـ يىلىغىچە دۇنيادا ئىنگلىز، نېمىس، فرانسۇز، ئىتالىيان، ياپون تىللىرىدا ۋە باشقا نۇرغۇن تىللاردا 80

www.uyghurkitap.com

نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان. نېمىس پروفېسسور كارىل زوسهايىمنىڭ يېزىشىچە، ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى 1913-يىلى بىر يىل ئىچىدە ئىنگلىز تىلىدىلا 120 تۈرلۈك نۇسخىدا بېسىلغان. فرانسۇزچىدىمۇ بىرقانچە ئەدىب تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بىرقانچە تەرجىمىسى بار؛ بۇلاردىن نىكولاس ناملىق ئەدىبنىڭ تەرجىمىسى فرانسىيە ئىمپېراتورى ناپولېئون III نىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1867-يىلى پارىژدا ھۆكۈمەت مەتبەسىدە بېسىلغان. شۇ فرانسۇزچە تەرجىمە بىلەن ئەسلى پارسچىسىمۇ قوشۇپ بېسىلغان. ئاۋسترىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى ھامىر ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، «ئىران تارىخىي ئەدىبىياتى» ناملىق كىتاۋىغا كىرگۈزۈپ بېسىپ، ئۆمەر ھەييامنى ياۋروپاغا تونۇتقان. ئۇ ئەينى زاماندا ئۆمەر ھەييامنى ”شەرقنىڭ ۋولتېرى“* دەپ باھالىغان. ئەنگلىيىدە ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنى ئىنگلىزچىغا ئەڭ ياخشى تەرجىمە قىلغان كىشى ئېدۋارد فىسجىرالد ئىسىملىك بىر ئىنگلىز شائىر بولۇپ، ئۇ ئىنگلىزچىغا نەزمەن تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن ”يۈز بىر رۇبائىي“ ئەنگلىيىدە نەشر قىلىنىپ قايتا-قايتا بېسىلغان ۋە كۆپ ئابروي قازانغان. دۆلىتىمىز جۇڭگودا مەشھۇر شائىر گو مورو تەرىپىدىن 1958-يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ

---

* ۋولتېر — 18-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر فرانسۇز ھۆرىيەتپەرۋەر مۇتەپەككۇر، يازغۇچى؛ چېركاۋ ئەقىدىلىرىگە ۋە فېئودالىزم تۈزۈمىگە قارشى قەيسەر جەڭچى. — تەھرىردىن.

نەشر قىلىنغان ”يۈز بىر رۇبائى“ ئاشۇ ئىدۋارد فىتسجېرالدنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدىن ئىشلەنگەن.

ئۆمەر ھەييامغا ۋە ئۇنىڭ رۇبائىلىرىغا بېرىلىۋاتقان باھانى ئاڭلىتىش ئۈچۈن، مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرۈش كۇپايە: ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىلىرى» نەشرلىرىنىڭ بىرسىدە كىتاپنىڭ مۇقاۋىسىنى زىبۇ - زىننەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىر مۇسابىقە ئېلان قىلغان. بۇ مۇسابىقە شەرتىدە: ”كىمكى بۇ كىتاپنىڭ مۇقاۋىسىغا رەسىم سىزىشتا ئەڭ ئەلا دەرىجىگە ئېرىشسە، ئىككى مىڭ فۇنت مۇكاپات بېرىلىدۇ“ دېيىلگەن ۋە بۇ گېزىتتە ئېلان قىلىنغان. بۇ مۇقاۋىدا ئىراننىڭ تارىخىي مىللىي ئەنئەنىسى گۈل بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭدا قاناتلىرىنى كېرىپ ئالەم بوشلۇغىغا ئۇچۇۋاتقان ئالتۇن پەرلىك بىر قۇشنىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولۇشى كېرەك ئىكەن. مەلۇمكى، بۇ قۇش — بولەك قۇش ئەمەس، بەلكى ئۆمەر ھەييامنىڭ بىر رۇبائىسىدا —

”قۇش ئىدىم، ئۇچتۇممەن ’سىر دۇنياسى‘دىن،
يېتەي دەپ يۈكسەككە، ئۆتۈپ پەردىدىن...
تاپمىدىم بۇ جايدا سىرداش بىر كىشى،
چىقتىمەن ئاستا ئۇ كىرگەن ئىشكتىن.“

— دېيىلگەن قۇش؛ ئالەمنىڭ ئالدى - كەينىنى بىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان، ئىلاھىي ”سىر دۇنياسى“دىن ئۇتمەكچى بولغان

www.uyghurkitap.com

ۋە مەۋھۇم "پەردە"دىن ئۆتۈپ، ھەقىقەت يۈكسەكلىكىگە يېتىش ئارزۇسىدا ئۇچقان قۇش؛ يەنى "ئۆمەر ھەييام" ئاتلىق قۇش. شۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا سىزىلىدىغان ئالتۇن پەرلىك قۇش، ھاياتنى تەكشۈرۈۋاتقان شۇ تىنىماس قۇش، شۇنچە زور ئىشنى ئۈستىگە ئالغان بۇ قۇش — ئۆمەر ھەييامنىڭ سىمۋولى.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە، شائىرنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ قىممىتى ئۈستىدە پەقەت ھەقىقى ئۆز ھېسسىياتىمىزدىن چىققان مۇنداق ئاددىي جۈملىلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويىمىز: ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ نەشر قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرى مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ئۆز قىممىتىنى ساقلىماقتا، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى مىڭ يىللىق تارىخقا بەرداشلىق بەردى...... يازغان ئەسەرلىرى دۇنيادا يىلىغا ھەتتا ھەپتىگە چىداش بېرەلمەيدىغان بەزى شائىرلار تۇرغاندا، تارىخنىڭ مىڭ يىللىق سىنىقىغا بەرداشلىق بەرگەن، ئەمەلىيەت ئىمتىھانىدىن ئەلا ئۆتۈۋاتقان ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش، ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھمىيەتسىز ئىش بولمىسا كېرەك. دېمەك، ئۆمەر ھەييام شېئىرلىرى مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرماقتا. شېئىر يېزىشقا بەل باغلىغان شائىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز شېئىرى شۇنداق ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولسا، ئۆزىنىڭ جىسمى قالمىغان بىر دەۋردە سۆزلىرى دۇنيادا ئوقۇلۇپ يۈرسە، بەخت تەمىنى بىلىدىغان كىشى بۇنى بەخت دەپ بىلسە كېرەك. بەخت

بولغاندىمۇ شۇنداق چوڭ بەختكى، بۇ، ئۆلگەن يازغۇچى ئۈچۈن مەڭگۇ ھاياتلىقتۇر. شائىرنىڭ شېئىرى ياشىدى، دېمەك — شائىر ئۆلمىدى، مەڭگۇ ياشىدى دېمەكتۇر. شۇنداق ياشىغۇسى كەلمەيدىغان شائىر دۇنيادا بولمىسا كېرەك.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىلىرىنىڭ مىڭ يىللىق تارىخ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىشىدىكى ھېكمەت، كۈچ — ئەڭ ئاۋۋال ئۆمەر ھەييامنىڭ پىكىردىكى ھوررلۇگى ۋە جەسۇرلۇغىدۇر: ئۇ ھېچنەر-مىنىڭ بوغۇشىغا بوي بەرمەيدىغان ھور يۈرەك ۋە ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان شائىرانە جاسارەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، شۇ چاققىچە تېخى ھېچ كىشى قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان خۇراپىي ئېتىقاتقا، مەۋھۇم ساماۋى كۈچكە قارشى كوكرەك كېرىپ چىقىپ —

"كىم كوردى جەننىتىڭ، دوزىقىڭ ئەي دىل؟
كىم كەلدى ئۆلگەندىن، قىل گېپىڭ ئەي دىل؟
بىز قورققان، يېلىنغان نەرسىنىڭ، ئاڭلا:
ئىسمى بار، جىسمى يوق...مۇشۇ — جىلىڭ، ئەي دىل!"

— دىگەن.....ئۇ يەنە بىر رۇبائىسىدا ئىلاھىي كۈچكە مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:

"كوزامنى يوقاتتىڭ سۇندۇرۇپ، رەببىم!
ياپتىڭ بەخت ئىشىگىنى، سەن ئۇرۇپ رەببىم!

گۈل رەڭلىك شارابىم توكتۇڭ يەرگە سەن،
قالدىڭمۇسەن ياكى مەس بولۇپ رەببىم؟!“

بىر شائىر ئاشۇنداق گەپنى مۇندىن 50 يىل، مەيلى 100 يىل ھەتتا 200 يىل بۇرۇن دېگەن بولسا ياكى شۇ گەپلەرنى لوندون، پارىژ، بېرلىن قاتارلىق شەھەرلەردە دېگەن بولسا، ئۇ قەدەر ئەجەپلەنمىگەن بولاتتۇق، بۇنى ئۇنچىلا يوغان گەپ دېمىگەنمۇ بولاتتۇق. بىراق بۇ گەپلەر بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يەنە كېلىپ ئەينى زاماندا ئىراندەك دىنىي تەئەسسۇپ ۋە مەزھەپ تالاشلىرى ئەۋج ئالغان بىر يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلىم-مەرىپەت بىلەن ئالەمگە مەشھۇر بولغان ئۇمەر ھەييامدەك بىر نوپۇزلۇق ئىسلام ئۆلىماسى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھور پىكىر، شائىرانە جاسارەت دېگىنىمىز شۇنداقلا گەپنىڭ يوغانلىقى ئەنە شۇ نۇقتىدا.

”بىر جامكى، ئەيلىمىش ئىختىرا ئەقىل،
قەدىرلەپ شۇ جامغا يۈزنى سۆيدى، بىل...
’پەلەك‘ نام كوزىچى شۇنداق جام ياساپ،
ئارقىدىن يەرگە ئۇ، ئۇرىدۇ سىجىل...“

شائىرنىڭ بۇ رۇبائىسىدىكى ”جام“ ئوبرازى — ئىنسان؛ ”كوزىچى“ ئوبرازى ۋە ”پەلەك“ ئاتالغۇسى — ئىلاھىي كۈچتىن ئىبارەت. شائىر بۇ رۇبائىسىدا ئىلاھىي كۈچنىڭ ئاتايىن ئادەم يارىتىپ، ئۇنى ئازرۇلاپ-ئاھانەتلاپ ئىنسانىلىق قىيامىغا

يەتكۈزگەندىن كېيىن هالاك قىلغانلىغىدىكى مەنتىقسىزلىقنى پاش قىلىدۇ-دە، پەلەككە ۋە پەلەكنىڭ شۇنداق غەلىتى قىلىق-لىرىغا، ئادالەتسىزلىكلىرىگە نەپرەتلىنىدۇ، شۇنداق يولسىز قىلىقلارنى قىلغۇچى پەلەكنى بۇزغۇسى ۋە "ياخشىلار تولۇق مەقسەتكە يەتكۈدەك" ئادىل دۇنيا قۇرغۇسى كېلىدۇ:

"بىر كۈچۈم بولغاندا تەڭرىدەك گويا،
بۇزاتتىم پەلەكنى بۇنداق بىۋاپا...
ياخشىلار مەقسەتكە يەتكۈدەك تولۇق
قۇراتتىم بىر پەلەك — بىر يېڭى دۇنيا."

ئۆمەر ھەييام رۇبائىلىرى يەنە شۇنىڭ بىلەن ئەھمىيەتلىككى، ئۇ ئەمىلىيەتچىدۇر، ئەمىلىيەتچىلىكنىڭ تەرغىباتچىسىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆز زامانىسىغا كورە، ئۆمەر ھەييامنى ماتې-رىيالىستىك چۈشەنچىگە ئىگە دەپ ئېيتىش مۇمكىن. بۇنى يەنە ئەمىلىيەت، يەنى ئۇنىڭ نەق مەيداندىكى تەپەككۇرى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئۆز زامانىسىدىكى ئىدىيالىستىك كۈچلەرنىڭ قارشىلىغى روشەن ئىسپاتلايدۇ:

"كېچە مەن تۈيغۇمدا ساماغا چىقىپ،
دوزاق ھەم بېھىشنى يۇردۇم ئاختۇرىپ.
بىر ئۇستاز ئۇچرىشىپ، دوزاق ھەم بېھىش
ئۆزەڭدە! — دىدى ئۇ، — يۇرمىگىن ئېزىپ!"

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارىخنىڭ 1050-يىللىرىدا ئۆمەر ھەييام ئەرش-كۈرس، لەۋھۇ-قەلەم، جەننەت-دوزاق دېگەنلەرنىڭ مەۋجۇتلۇغىغا گۇمانلىنىپ، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ئىشىنىمەن دېگەن شائىرانە تۇيغۇسىدا تەپەككۇر ساماسىغا سەپەر قىلىدۇ-دە، يولدا ئۇستازغا يولۇقۇپ، ئۇنىڭدىن مەزكۇر نەرسىلەرنىڭ ئەمەلدە يوقلۇغىنى، ئۇنىڭ ئۆمەر ھەييامنىڭ خىيالىدىكى سۇبيېكتىپ نەرسە ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇنىڭ خىيالىدىكى ئوي ئىكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. دېمەك، ئۆمەر ھەييام بۇ بىركىچىككىنە ھېكايە ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدە ئالەم ئەھلىگە ئاتالمىش ئەرش-كۈرس، لەۋھۇ-قەلەم، جەننەت-دوزاق ۋاھاكازالارنىڭ ئەمەلىيەتتە يوق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېلان قىلىدۇ. ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بىلەن سۇبيېكتىپ چۈشەنچىنى بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئاجراتقان شۇنداق بىر مۇتەپەككۇرنى ماتېرىيالىست دەپ باھالاش ئارتۇق كەتمىسە كېرەك. دۇرۇس، ئۆمەر ھەييام رۇبائىلىرىدا نۇرغۇن ماتېرىيالىستىك جەۋھەرلەر بولغاندەك، ئىدېيالىستىك شاكاللارمۇ يوق ئەمەس. چۈنكى ئۆمەر ھەيياممۇ، ئەلۋەتتە، ئۆز زامانىسىنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا ئىلاھىي كۈچتىن گۇمانلانغان ۋە زارلانغان دەۋرى بولغاندەك، ئىلاھىي كۈچنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ئەپۇ-رەھمەت سورىغان دەۋرىمۇ بولغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم رۇبائىلىرىنىڭ چۈشەنچە ئىستىرىلكىسى شۇنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

"ئاقمىغاي تەقدىرگە نارىزا بولۇش،
ئاقمىغاي ئالەمدە بىرىيا بولۇش،

قولۇمدىن كەلگەنچە تەدبىر ئىشلەتتىم،
كەتكۈزدى، ئاھ ـ قازا، تەدبىرىمنى بوش.“

*    *    *

خوشال ئوت، ئومۇرنىڭ ھاسىلى بىر دەم،
بۇ تۇپراق ـــ تۇپرىغى كەيقۇباد ۋە جەم*.
قىل قىياس بىر خىيال، ئالدىنىش يا چۇش،
ھاياتنىڭ تەكتى ھەم ئەھۋالى ئالەم.“

ئومەر ھەييام رۇبائىلىرىدىكى ئىدىئالىستىك شاكاللار ئەنە شۇنداق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ”بىز شۇنچە قىلساقمۇ، تەقدىر بەرىبىر يەنە ئوز ئىشىنى قىلىدۇ، تەقدىرگە تەدبىر ئىشلىمەيدۇ“ دىگەن تەقدىرچىلىك كوزقاراشىنى ئىلگىرى سۇرگەن ۋە قازا ـ تەقدىر ئالدىدا ئىلاجىسىزلىق ـ ئاجىزلىق ئىزھار قىلغان؛ شۇنداقلا دۇنيانىڭ ماددى دۇنيا ئىكەنلىگىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى بىر ”چۇش“، بىر ”خىيال“، بىر چۇشەنچە دەيدۇ. ئۇ بىر قىسىم ئىدىئالىستىك پەيلاسوپلارنىڭ ”كورۇنگەن ئالما ئالمىدەك تۇرغىنى بىلەن ئەسلىدە جىسىملىق نەرسە بولماستىن، بىزنىڭ خىيالىمىزدا ئالما بار دەپ چۇشىنىلىۋاتقان بىر چۇشەنچە، بىر تەسەۋۋۇر“ دىگەن مۇقامىغا جۇرلىشىپ قالىدۇ.

بىراق، بىر پۇتۇن ساپ ئالتۇن نەدە؟ تارىخنىڭ كوزى ھەرقانداق ئالىجاناپ بىر ئىدىيىنىڭ تۇنجى قېتىمدىلا مۇكەممەل بولۇپ مەيدانغا چىققانلىغىنى ھازىرغىچە كورگەن ئەمەس.

* 195 ـ شېئىرنىڭ تەھرىر ئىزاھىغا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق بۈيۈك مۇتەپەككۇرنىڭ پىكىر سىستېمىسى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق نۇقسانلاردىن قۇتۇلۇش ياكى يېڭى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئۇنى يېڭىلىغان-بېيىتقان ۋە ئۇنىڭغا قوشقان ئىجادىي ئەمگىكىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش ھىساۋىغا تولۇقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن 11-ئەسىردە ياشىغان ۋە تېخى ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسى سۈت ئۇيقۇسىدا ياتقان بىر چاغدا، "ئەمەلدە يوق نەرسىگە ئىشەنمەسلىك" بايرىقىنى كوتىرىپ چىققان ئومەر ھەييامدىن ھەممە سوزىنىڭ، پىكرىنىڭ 20-ئەسىر ماتىرىيالىستلىرىدەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىش سىياسى نادانلىق بولار.

"بولمىساڭ ئۇۋچىسەن، ئۇۋدىن قىلما بەھس،
بىلمىگەن نەرسەڭنى تەپسىر قىلما، تەس...
كىم مەنا سورىسا، سەن كورگەننى ئېيت،
ھىچقاچان ئۇستازنىڭ كورگەننى ئەمەس."

تارىخنىڭ 1050-يىللىرىدا شۇنداق دىگەن ئومەر ھەييامنى ئەمىلىيەتچى، ئەمىلىيەتچىلىك تەرغىباتچىسى ۋە ئوز زامانىسىغا كورە ماتىرىيالىست دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

ئومەر ھەييام ئەدىبىياتتا سوزدىكى ھور پىكىرلىكلىكنى، تەرەققىپەرۋەرلىكنى، مەنتىق كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە تەپەككۇردىكى پەلسەپىۋى، نەزىرىيىۋى قىممەتنىڭ بۈيۈكلۈكى جەھەتتىلا ئەمەس، بەدىئىلىك تەرەپتىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ماھارەتكە

تىگە: سوز ئاز، ئەمما مېغىزلىق دېگەن سۈپەتنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىغا بېرىش مۇمكىن. شېئىرنىڭ ۋەقەلىكلىكى، ئىخچام-چاققانلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ خەلق قوشىقى سۈپەتلىك، يەڭگىل ۋە ئاممىباپلىقى، قاپىيىلەردىكى تەبىئىلىك، راۋانلىق ۋە سوز ئويۇنى، سوزلىرىنىڭ ساددا ۋە لېكىن تىرەنلىكى — ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەدەبىياتتىكى خاس خۇسۇسىيىتى.

"گۈل دېدى: يۇسۇپ مەن، مىسىردۇر چىمەن،
ئاغزىمدا لەببا-لەپ زەر-ياقۇت دېگەن...
مەن دېسەم دەلىل تاپ، ئېيتتى ئۇ ماڭا:
مانا قان، قاراپ باق كوينىكىمگە سەن."

بۇ رۇبائىيدا گۈزەللىك دەمسىز، يۈكسەكلىك دەمسىز، ۋەقەلىك دەمسىز، ئىخچاملىق دەمسىز، ئوخشىتىش ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر دەمسىز، كىنايە ۋە ئىستىئارە دەمسىز، ئىش قىلىپ شېئىرىيەتتىكى ئۈستۈن ماھارەتلەرنىڭ قايسى خىلىغا مىسال ئىزدىسىڭىز تېپىلىدۇ. بۇ رۇبائىي — ئەگەر رۇبائىي دېگەن شېئىرىيەت تۈرى، مەن چۈشەنگەندەك، بىرقانچە كۈبلېت شېئىر ئورنىغا ۋاكالىتەن يېزىلىدىغان توت مىسرالىق بىر كۈبلېت شېئىر دەپ چۈشىنىلسە، — مانا جىڭ رۇبائىينىڭ ئۆزى شۇ. شۇڭا شېئىر دۇنياسىدىكى رۇبائىياتچىلىق تۈرىنى مۇشۇ رۇبائىيسى بىلەن ئۆمەر ھەييامنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئۇسلۇپ قىلىپ كورسىتىپ بېرىشكە بولىدۇ. شائىر بۇ رۇبائىيسىدا قۇرئاندا "سۈرە يۇسۈپ" نامى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇقۇلىدىغان بىرقانچە بەت ئەرەپچە قىسسىنى، ”قەسەسۇلئەنبىيا“ (پەيغەمبەرلەر قىسسىسى) دىگەن كىتاپقا يېزىلغان ”بەنى ئىسرائىل“ ھەققىدىكى بىرنەچچە ئون بەتلىك تارىخىي ھىكايىنى، شۇنداقلا ”يۇسۇپ-زۇلەيخا“ نامى بىلەن دۇنياغا داڭقى چىققان چوڭ ئىشقى-مۇھەببەت داستانىنى پەقەت توت قۇر شېئىر بىلەنلا ئىپادىلەيدۇ، خالاس. بۇ گويا بىر ئادەمنىڭ ئون شەھەرنى قاتلاپ، بىر يانچۇغىغا سېلىپ پاتقۇزغىنىغا ئوخشايدۇ.

ئۆمەر ھەييامنىڭ تۇغۇلغان، ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى ۋە تۇغۇلغان يېرى ئۈستىدە ئىختىلاپ بار: بەزى ئالىملار ئۇنى 11-ئەسىرنىڭ ئاۋالقى يېرىمىدا، بەزىلىرى كېيىنكى يېرىمىدا تۇغۇلغان دىيىشىدۇ. 1926-يىلى ”لوندون شەرق تەتقىقات ئىنىستىتۇتى“ ناملىق ئالى بىلىم يۇرتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ تۇرغان دىنسون روس ناملىق ئىنگلىز ئالىم ئۆمەر ھەييامنىڭ مىلادى 1040-يىلى تۇغۇلغانلىغىنى، يەنى ساۋاقدىشى ھەسەن ساباھدىن ئون يىل بۇرۇن تۇغۇلغانلىغىنى يازىدۇ. بىر قىسىم تارىخچىلار ”ئۆمەر ھەييام خۇراسان ئوبلاستىنىڭ مەركىزى نىشاپۇردا تۇغۇلغان“ دەپ يازسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە كۈچلۈك دەلىل يوق. ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرىدىن قەتئىي نەزەر، ئۆمرىنىڭ كوپ قىسمى نىشاپۇر شەھرىدە ئۆتكەنلىگى ئېنىق.

”ھەييام“—ئۆمەرنىڭ شائىرلىق تەخەللۇسى، ئەدىبىي لەقەم. ”خەييام“ سوزى ئەسلى ئەرەپچە بولۇپ، ”خىمە“ (چېدىر،

بارگاھ) دىگەن سوزدىن تۈرلەنگەن، مەنىسى — "چېدىرچى" دىمەكتۇر. ئۆمەرنىڭ ئوزىگە "خەييام" (ئادەتتە "ھەييام" دەپ قوللىنىلماقتا) دىگەن سوزنى تەخەللۇس قىلىپ قويۇشى توغرىسىدا تۈرلۈك كوزقاراشلار بار. بەزىلەر: "چېدىرچىلىق كەسپىنى قىلىدىغان چوڭ دادىسى ئىبراھىم دىگەن كىشىگە نىسبەت بېرىشتىن شۇنداق لەقەم قويغان" دىيىشىدۇ. بەزى تارىخچىلار: "ئەرەپ مىللىتى ئىچىدە چېدىرچىلىقنى كەسىپ قىلغان 'خەييام' ئاتلىق بىر قەبىلە بار، ئۆمەرنىڭ ئەجداتلىرى ئەرەبىستاندىن كوچۈپ كەلگەنلەردىن بولىشى كېرەك، شۇڭا ئۇ 'ئۆمەر خەييام' دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن" دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. بىراق، بىزنىڭ قارىشىمىز باشقىراق: مۇتەپەككۇر ئۆمەر ئوزىگە "خەييام" دەپ تەخەللۇس قويۇشتا ناھايىتى كەمتەرلىك ۋە كىچىك پېئىللىق بىلەن ئىش كورگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەردە ئېيتىلغان "چېدىرچى" ئاددى يىپ - يۇڭ رەختتىن چېدىر توقۇيدىغان "چېدىرچى" ئەمەس، بەلكى پىكىردىن، ھىس - تۇيغۇدىن، پەلسەپىدىن ۋە ھايات سىرىنى ئاچىدىغان ئەقىل - ئىدرەكتىن چېدىر توقۇيدىغان چېدىرچى. بىزنىڭ بۇ كوزقارىشىمىزنى مەزكۇر "چېدىرچى"نىڭ ئوزى بەزى رۇبائىلىرىدا يېشىپ بېرىدۇ:

"پەلسەپە چادىرىنى ھەييام تىكەردى،
ئاتەشى غەمگە ئۇ چۈشتى...، ئورتەندى!
كەستى ئومۇر تانابىنى ئەجەل قايچىسى،
دەللال ھەم باھاسىن بەك ئەرزان دىدى."

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆمەر ھەييام ياشلىق دەۋرىدە نىشاپۇر شەھرىدىكى ئەينى زاماننىڭ كاتتا ئۆلىماسى ئىمامى مۇۋەپپەقىددىن بىننى ئابدۇللەتىپ دېگەن كىشىدە ئوقۇغان. ئۆز دەۋرىنىڭ تەڭداشسىز بىلىمدانلىرىدىن بولغان ئۆمەر ھەييام نىشاپۇردىلا ئەمەس، ئەينى زاماندا دۇنيادا ”ئىلىم كانلىرى“ دەپ داڭقى چىققان بەلخ، بۇخارا، سەمەرقەند شەھەرلىرىدىمۇ ئوقۇپ، ئۆز ئەسرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، ئىران تارىخلىرىدىكى مەشھۇر ئابدۇلقاسىم نىزامىل مۇلك ۋە ھەسەن ساباھ دېگەن كىشىلەر بالىلىق چاغلىرىدا ئۆمەر ھەييام بىلەن ساۋاقداش ئىدى، ئۇلار مەكتەپتىكى چاغلىرىدا، ئۈچەيلەندىن قايسىبىرىمىز كەلگۈسىدە مەنسەپ-مەرتىۋىگە ئېرىشسەك، قالغان ئىككىيلەنگە ياردەم كۆرسىتىمىز، دەپ قەسەم-ۋەدە قىلىشقان. بۇلاردىن ۋەزىرلىك مەرتىۋىگە ئېرىشكەن نىزامىل مۇلك ساۋاقداشلىرىنى ياخشى قارشى ئېلىپ، ئۆمەر ھەييامنى ئوردىدا مۇھىم خىزمەتكە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆمەر ھەييام ئۆزىنىڭ ئىلىم-مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇسىنى بايان قىلىپ، بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىغان. شۇنداقتىمۇ نىزامىل مۇلك ئۇنىڭ ئىلىم-مەرىپەت بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا غەزنىدىن ھەر يىلى بىر مىڭ ئىككى يۈز مىسقال ئالتۇن ئاجرىتىپ بېرىشنى بەلگىلىگەن. يەنە ئۇنى ئەينى زاماندا بۇخارا ھاكىمى شەمسىل مۇلكنىڭمۇ ئوردىغا خىزمەتكە تەكلىپ قىلغانلىقى، ئۆمەر ھەييامنىڭ بۇ تەكلىپنىمۇ ئۇزرە ئېيتىپ رەت قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. دېمەك، ئۆمەر ھەييام ئۆز زامانىسىدا

پادىشالارنى ماختاش بىلەن جان باقىدىغان "ساراي شائىرلىرى" دىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى مەيدانى مۇنداق:

"بولسا ھەر كىشىنىڭ بىر پۇچۇق نېنى،
پاتقۇدەك ماكانى باشۇ ھەم تېنى.
ھېچكىمگە بولمىسا يا قۇل، يا خوجا،
دۇنيادا بەختلىك سانىغىن سەن شۇنى."

مەن ئۇمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىكى جاھانشۇمۇل ۋە نادىر ئەسەرنى نەزمەن تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تۈركىي تىلىنى دۇنيادا "شېكەر تىل" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن پارس تىلى بىلەن بىر قاتارغا قويدۇم. دەرۋەقە، تىلىمىزنىڭ بويى ئاشۇنداق پەلسەپىۋى ئەسەرنى شېئىر بىلەن تەرجىمە قىلىشقا يېتىشتى، بەلكى ئاشتى: ئون يۈك پارسچە سۆزنى ئون يۈك ھەتتا سەككىز يۈك ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن تەرجىمە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. خەلقىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئاجايىپ مول تىل بايلىقىدىن چوڭ مىنەتدارلىق ئىپتىخارلىق ھېس قىلىمەن.

**نۇر مۇھەممەت ئېركى**

1980 ـ يىل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# رۇبائىلار

## 1

بىر كېلەر ۋە كېتەر بۇ ئەجەپ دۇنيا،
يوق ئاڭا ئىپتىدا ياكى ئىنتىھا*...
كەلـدۇق بىز قەيەردىـن، نەگە كېتىمىز؟
بۇ ھەقتە كىم بەردى قېنى جىك باھا!

## 2

مەي، نەغمە، ھۆركەبـى ئۇلپىتىڭ بولسا،
سۇ بويى، چىمەندە سوھبىتىڭ بولسا؛
ھوزۇرلان بۇنىڭدىن، ئويـلىما دوزاق،
بۇنچىلىك بولغاي ئۇ جەننـىتىڭ بولسا...

---

* ئىپتىدا، ئىنتىھا — بېشى، ئاخىرى.

3

سازچی، مەي، ئۇلپەتلەر بارى تەخ تۇرسا،
مەن قانداق جىم تۇراي، بەزمى نەخ تۇرسا.
شىشىگە مەي تولسا، باغ دىگەنگە ساز،
نىمە ئۇ بىھىش، ھور...بۇنداق بەخ * تۇرسا!

4

بىر سەھەر قاۋاقتىن كەلدى بۇ نىدا * * :
”ئورنىڭدىن قوپ ئەمدى، بىزنىڭ ئەي گادا؛
كۆزىمىز جامغا تولماستىن تۇپراق،
تولدۇرغىن قەدەھنى مەيدىن ۋاقتىدا...“①

5

بۇ نىمە روزىدىن، نامازدىن سادا؟
چاپسا ھەم قاۋاقتا مەي ئىچكىن تازا.
كەل ئۆمەر شاراپ ئىچ، چۈنكى توپاڭدىن —
قىلغايلەر بەزى جام، بەزىدە كوزا...

* بەخ — بەخت مەنىسىدە.
* * نىدا — ئاۋاز، چاقىرىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

## 6

بار ئىمىش ”پەرۋىن“ دەپ كوكتە بىر كالا،
كوتەرمىش ھەم بىرى يەرنى ئاستىدا.
بۇ ئىككى ئۇكۇزنىڭ ئورتىسىدا سەن
يۇرۇشكەن بىر تۇركۇم ئېشەككە قارا...②

## 7

ساختىدىن يېتىشتى مالاللىق ماڭا،
تېز بىرىپ، شاراپنى كەلتۇرگىن شۇڭا.
گورە قوي جايناماز بىلەن سەللىنى —
مەي ئۇچۇن، شۇ مېنىڭ تىلىگىم ساڭا.

## 8

خوجايىن، تىلەكتىن بىرىنى قىل راۋا،
كايىما، تەگرىمدىن ئەيلىگىن ھايا.
يولنى توز ماڭدۇق بىز، كوردۇڭسەن ئەگرى،
بىزنى قوي، كوزۇڭگە ئەيلىگىن داۋا.

## 9

بىر ئاسى بەندىمەن، رىزا يىلىڭ * قايدا؟
دىللىرىم قارايغان ساپا يىلىڭ ** قايدا؟
جەننەتنى بەرسەڭسەن قىلغان تائەتكە ***،
بولسا ئۇ، «ھەق»، ئاڭا ئاتا يىلىڭ **** قايدا؟

## 10

دەرت بىلەن تونۇشقىن، تاپقايسەن داۋا،
كىسەلدە تېچ ياتقىن تاپقايسەن شىپا.
كەمتەر بول، چات كەرمە روناق تاپقاندا،
بولغايسەن بىر ۋاقىت دوستۇم بىناۋا. *****

---

* رىزا — رازىلىق، ماقۇللۇق.
** ساپا — ساپ، پاك.
*** تائەت — ئىبادەت، ئىتىقات.
**** ئاتا — بەرگەن.
***** بىناۋا — بەختسىز، دولەتسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

## 11

ياراتسا دۇنيانى باشقىچە خۇدا،
بىر كورسەم ئۇنى مەن شۇ بۇگۇن ھەتتا.
”ئادەم“لىك دەپتەردىن ئوچەرسۇن مىنى،
تۈزۈكرەك بىر كۆننى قىلسۇن يا، ئاتا. *

## 12

بىر كۈچۈم بولغاندا تەڭرىدەك گويا،
بۇزاتتىم پەلەكنى بۇنداق بىۋاپا...
ياخشىلار مەقسەتكە يەتكۈدەك تولۇق
قۇراتتىم بىر پەلەك — بىر يېڭى دۇنيا.

## 13

مەي ئىچكىن گۈزەلنىڭ يۈزلىرىدىن تا —
غەم ئاتلىق يىلانغا ئەنە شۇ داۋا.
ئىچىمەن، يايرايمەن، مەن ئۇزەم ئاداش،
ئىچمىسەڭ نى قىلاي؟ يىگىن سەن توپا..

---

* ئاتا — بەرمەك.

## 14

خىيالىم مېنىڭكى ساپ شاراپتىلا،
قولىغىم مېنىڭكى نەي، راۋاپتىلا...
تۇپامدىن كوزىچى ئەتسە بىر كوزا،
ئۇ تولار مەي دېگەن ئوتلۇق ئابتىلا*.

## 15

سۇپ-سۈزۈك ئەي شاراپ! ئەي تۈسى رەئنا،
مەن شۇنداق ئىچەيكىم، ساڭا مەن شەيدا.
كورگەنلەر دېيىشسۇن: نەدىن كەلدىڭىز؟
شاراپنىڭ ئەي كۈپى، كېلىڭ مەرهابا!

## 16

ئومرۇمنىڭ دەرەختى يىقىلسا، سولسا،
ئاجرىسا تەنلىرىم مىڭ پارە بولسا؛
تىرىلگەي تۇپرىغىم، بولغايمەن هايات،
ياسىلىپ شىشە، ئۇ شاراپقا تولسا.

---

* ئاب — سۇ. ئابتىلا — سۇ بىلەنلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 17

شەھىرى تۇس ئۇستىدە قۇش كوردۇم ئەجەپ،
كەيكاۋۇس بېشىغا ئۇ قىلاتتى گەپ:
قوڭغۇراق ساداسى قېنى ئۇ...ئەپسۇس!
قېنى ئۇ كانىيىڭ، دۇمباقلىرىڭ، دەپ.③

## 18

كوزىچى قېشىغا باردىم مەن يېتىپ،
تۇراتتى دۇكاننىڭ چاقىنى تېپىپ...
باش ياسار كوزىغا شاھنىڭ بېشىدىن،
گادانىڭ پۇتىدىن ئاڭا قول ئېتىپ.

## 19

دۇنيا بىر مەنزىلكى، ئۇتۇشكە تۇرۇپ...
ھاسىلى بولدى غەم، ئۇتتۇق قايغۇرۇپ.
كەتتۇق بىز مىڭ ئىشتىن ھەل بولماي بىرى،
ھەسرەتلەر يۇرەكتە قالدى ئاھ ئۇرۇپ.

## 20

ئاھ، ياشلىق قىسسەسى پۈتتى ئوقۇلۇپ،
شۇ گۈزەل نەۋ باھار قالىدى ئىخ! سولۇپ...
زەۋقى-شەۋق بۇركۈتى ئىسمىدۇر ياشلىق،
قاچان ئۇ كەلدى ھەم كەتتى قوزغۇلۇپ؟

## 21

بار ئىدى بىر قەسرى، بەك ئىگىز كىلوب،
قوياتتى يۈز ئاتا، شاھلار باش ئۇرۇپ.
بۇ بىنا ئۈستىدە بىر پاختەك دەيتتى:
گۇ-گۇ-گۇ (نەدە ئۇ)؟ دائىم ئولتۇرۇپ.④

## 22

كەلمىگىم دەۋرانغا بەرمىگەنتى نەپ،
مەن كەتسەم، ئارتمىغاي ئۇنىڭدا شەرەپ.
كېتمەن نى ئۈچۈن، كەلدىم نى ئۈچۈن؟
بۇ ھەقتە ئۇقمىدىم ھىچ كىشىدىن گەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 23

كېچەمەن تۈيغۇمدا ئاسمانغا چىقىپمەن،
دوزاق ھەم بېھىشنى يۇردۇم ئاختۇرۇپ.
بىر ئۇستاز ئۇچرىشىپ، دوزاق ھەم بېھىش
ئۆزەڭدە!ــ دېدى ئۇ،ــ يۈرمىگىن ئىزدەپ!

## 24

كۈن بولسا: يېرىلسا ئاسمان سۆكۈلۈپ،
شۇنداق كۈن ــ قارايسا يۇلتۇز توكۇلۇپ.
ئەي سەنەم سورايمەن قىردىك * نىمىشقا،
مېنى سەن، ھېچ گۇنا مەندە يوق تۇرۇپ؟

## 25

دېيىشەر: مەھشەردە ** كوپ ھىساپ ـ كىتاپ،
شۇ ۋاقىت ئاچچىقلار ئەزىز يار جاناپ...
بولمىغاي باشقا ئىش ياخشىلىقتىن ھېچ
غەم قىلما، ياخشىدۇر ئاخىرقى ھىساپ!

---

* قىردىك ــ ئۇلتۇردۇك.

** مەھشەر ــ قايتا تىرىلىش، ئاخىرقى سوراق، قىيامەت.

## 26

شاراپتىن سەرخۇش * بىز، ھەرقاچان ئەجەپ،
بىزدە بار مەي ۋە جام، يوقتۇر باشقا گەپ.
قىلما كوپ نەسىھەت، پىشمىغان سوپى!
مەي بىلەن يار لېۋى — بىز ئۈچۈن تەلەپ.

## 27

قىزىقسام روزىغا، نامازغا كوپلەپ،
ئويلىدىم چوڭ مۇرات ھاسىل بولدى دەپ.
بىر يۇتۇم مەي بۇزدى شۇنچە روزىنى،
بىر يەلدىن تاھارەت سۇندى، ۋاھ ئەجەپ! ⑤

## 28

ھېچنىكە كەلمىدىم مەن نامازنى دەپ،
كەلدىم مەن بىر نەزرە — بىر نىيازنى دەپ.
بىر قېتىم ئوغرىلاپ كەتتىم جايىنامازنى،
بۇ نوۋەت كەلدىم ھەم جايىنامازنى دەپ. ⑥

---

* سەرخۇش — خۇش كەيپ، شىر كەيپ.

www.uyghurkitap.com

## 29

ئالەمدە ئەڭ دانا تەكشۈرسۇن قاراپ،
ئۇ، چاپسۇن ئۇ چەتتىن ـ بۇ چەتكە سوراپ.
ۋاپاسىز دۇنيادا بار نىمە پەقەت:
كۈمۈشتەك يار بىلەن ياقۇتتەك شاراپ.

## 30

ھەر ۋاقىت تاڭ ئاتسا ئالەم يالتىراپ،
ئوينىسۇن قولۇڭدا جام بىلەن شاراپ.
خەلقتە بىر ماقال بار: ”ھەق ئاچچىق“ دىگەن،
ھەق دىسەڭ شاراپنى، شۇ مەنتىقچە باپ.

## 31

بۇ ئۆمۈر كارۋىنى ئۆتمەكتە ئەجەپ،
پەيتنى تۇت! پەيت ــ بۇ كۈن ياشاش پەيتى دەپ.
نى لازىم ئەتىنىڭ تەشۋىشىنى يىمەك؟
تۈن ئۆتەر. قەدەھ تۇت. ساڭا شۇ تەلەپ.

## 32

ئىچمىدۇق شات بولۇپ بىر قاچا جۇلاپ،
ئىچمەستىن ئەلەمنىڭ قولىدىن شاراپ.
ھىچكىمنىڭ تۇزىغا نان توگۇرمىدۇق،
قىلماستىن تاكى ئوز باغرىمىز كاۋاپ.⑦

## 33

بولغىچە زامانىنىڭ زەربىدىن بىتاپ*،
كەل بۇگۇن بىرلىكتە ئىچەيلى شاراپ.
بۇ پەلەك مەي تۇگۇل، بەرمەس قەترە** سۇ،
يول تۇتساق بىر چاغدا كىتىشكە قاراپ.

## 34

سازىڭنى قولغا ئال، ماڭا بەر شاراپ،
بۇلبۇلغا جۇر قىلىپ قىينى چال راۋاپ.
نەغمىسىز مەي ئىچىش بولغاندا، دۇرۇس،
شىشىدىن چۇشمەيتتى شاراپ بۇلدۇقلاپ.

---

* بىتاپ ـــ ئاغرىق، كىسەل.

** قەترە ـــ تامچا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

## 35

بىر ئوت بار يۈرەكتە، ماڭا بەر شاراپ!
بۇ ئۆمۈر قاچماقتا، قاچقاندەك سىماپ...
قوپ ئويغان، ئىقبال * ئۇ چۈش كەبى كېتەر،
قوپ، كېتەر ياشلىقنىڭ ئوتى مىسلى ئاب...

## 36

ئەي ساقى! ئىپار بوي، لەئلى رەڭ مەي تۇت،
سەن ئۇششاق گەپلەرنى بېشىمدىن قورۇت...
كوزىلار ئەتكىچە توپىمىز بىلەن،
بىر كوزا مەي بېرىپ، بۇ كوڭۈلنى ئوت.

## 37

ئايرىمىش دىن يەتمىش ئىككى دەپ مىللەت،
مەن بولاي باشقىراق بىر ئەجەپ مىللەت:
يوق كۇپرى، يوق ئىسلام، يوق گۇنا ـ ساۋاپ...
باناگىنى قوي نېرى! سەن ئۆزەڭ مەقسەت.

---

* ئىقبال ــ بەخت، ئامەت، تەلەي.

## 38

ئېھتىياج ئۈستىدە بىر كوڭۈلنى ئۈت،
مۇڭغا مۇڭداش بىر ياخشى دوستنى تۇت.
كەئبەدەك* يۈز ئويدىن لاي بىلەن پۈتكەن
بىر دىلنىڭ قەدرى چوڭ، بىل بۇنى مەزمۇت.

## 39

دېيىشەر: ياخشىدۇر ھور بىلەن جەننەت،
مەن دىدىم: ياخشىدۇر مەي بىلەن ئۈلپەت.
ياخشىدۇر نېسىدىن ھەرقاچاندا نەق،
ياخشىدۇر ساز ئۈنى يىراقتىن پەقەت...

## 40

ئايرىماس دام بىلەن داننى دىل پەقەت،
گاھ قىلۇر مېچىتكە، مەيگە ھەم رىغبەت.
ياشاشتىن بىزچە ئۇ مېچىت ئارا خام،
قاۋاقتا يار بىلەن پىشماق سائادەت.

---

* كەئبە — مەككە شەھىرىدىكى مەشھۇر مېچىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 41

غېرىپلەر ئۈچۈن سەن خىزمەت قىل يىگىت،
نامازنىڭ، روزىنىڭ قەسرىنى * يىقىت!
راست گەپنى ئاڭلىغىن ھەييامدىن ياران!
توسما يول، ئېھسان قىل، مەي ئىچ ھەر ۋاقىت...

## 42

تېپىشماق سىرلىرىنى ئەي كوڭۈل پەقەت —
تاپالماي قالىسەن دەناچە ھىكمەت...
جەننەت قۇر بۇ يەردە جامۇ-مەي بىلەن،
تاپىسەن ياكى يوق ئۇ يەردە جەننەت.

## 43

بۇ زامان ئەقلىدىن يوقتۇر مەنپەئەت،
ياخشى كۈن كورەلمەس ئەقىللىق پەقەت.
ئەقلىمنى يوقاتقۇچ نەرسىنى كەلتۈر،
زامانەم باقمىغاي، قىلمىغاي دىققەت...

* قەسر — كاتتا ئىمارەت، ئوردا.

## 44

هاياتتا ئوزەڭنى ھوشيارلىقتا تۇت،
دۇنيانىڭ ئىشىدا ئېغىرلىقتا ئۇت...
بار ئىكەن جايىدا كوز، قۇلاق، تىلىڭ،
بۇلاردىن پايدىلان، زىنھار بولما بۇت.

## 45

ساقىي كەل، ماڭا مەي خۇشكىشۋارنى تۇت!
قەدەھنى يەنى ئۇ شوخ نىگارنى تۇت!
زەنجىردەك تولغىنىپ ئاقار مەي ئۈچۈن،
مەن ساراڭ بولدۇم، شۇ دىلخۇمارنى تۇت!

## 46

ھېچ گۇنا قىلمىغان ئادەم بارمۇ، ئېيت!
دۇنيادا گۇناسىز جان ياشارمۇ ئېيت!
مەن قىلسام يامانلىق سەن بەردىڭ جازا،
بۇنداقتا ئورتىدا پەرق بولارمۇ ئېيت!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

47

شەيخ دېدى: پادىشە ئايالغا: "ئۆيات،
مەس بولۇپ ئۆتۈپسەن قولدىن ـ قولغا پات..."
ئۇ دېدى: "شۇنداقمەن ـــ كورۇنگىنىمدەك،
سېنىڭ بۇ شەكلىڭگە قىلمىشىڭدۇر يات..."

48

دوست بولساڭ ئەڭ ئوبدان ئىشنى سەن ئەسلەت،
مەي بىلەن غەملەرنى ھەيدىگىن، يوق ئەت!
بۇ تېنىم بولسا بىر توپا، خىش قۇيۇپ،
مەيخانا تېمىنى ئوڭلاشقا ئىشلەت!

49

لېۋىگە يوشۇرغان ئەي ئابى ھايات،
ئاغزىڭغا جام لېۋىن سۈيدۇرمە ھەيھات!
جام قېنىن ئىچمىسەم، مەن ئادەم ئەمەس،
سۈيگۈدەك سېنى جام ـــ قانچىلىك بىر زات؟⑧

## 50

شۇ ياخشى: تەقۋالىق دەرسلىرىدىن قاچ،
شۇ ياخشى: سىلىماق سۇمبۇل ئۇخشاش چاچ.
قېنىڭنى شۇم پەلەك توكۇشتىن بۇرۇن،
توك ئۇنىڭ قېنىنى، شىشە ئاغزىن ئاچ!

## 51

مەي ئىچسەڭ قەلبى نۇر دەنا بىرلە ئىچ!
ياكى سەن بىر گۈزەل رەنا بىرلە ئىچ!
كوپ ئىچمە، ئىچ ئۇنى بەزى-بەزىدە،
مەخپى ئىچ، چىرايلىق، هايا بىرلە ئىچ!

## 52

ئۇلپەتىنىڭ ئىشىگىنى پاك دىللارغا ئاچ،
ناجىنس ئادەمدىن مىڭ يول يىراق قاچ.
بەرسە ئال بىر ئاقىل زەهەر، ئۇنى ئىچ،
بەرسە توك بىر ئەخمەق هەسەل، ئۇنى چاچ.

## 59

تۇتۇلغان قۇشتەك بىز ھايات بەندىدە،
روزىگار دەردىدىن دائىم دىل زىدە.
ئەرك بىلەن كەلمىدۇق بۇ ــ تامىسز ئۆيگە،
كېتىمىز بۇ يەردىن ئەركىسىز تەرزىدە...

## 60

ھاياتتىن پايدىلان مۇمكىن ۋاقتىدە،
قەدەھنى لەۋگە قوي، نەشئە * تەختىدە...
تائەتكە، گۇناغا تەكرى ھاجەتسىز،
قان شۇنگا مەقسىدىڭ بولسا نىمىدە.

## 61

گەرچە مەن گۇنادىن سەت ئۆزەم بەتبەخ،
ئەمەس بۇتپەرەستەك يا ئۇمىت ئەبلەخ.
ھەر سەھەر يادلايمەن مەي بىلەن مەشۇق،
يادىمغا كەلمەيدۇ جەننەت ھەم دوزەخ.

* نەشئە ــ خۇشاللىق، شاتلىق.

## 62

ئۇتــكەن ئۇ كۈنۈڭــنى قىلــما تولا ياد،
ئەتىكى ئىش ئۈچۈن ئەيلىمە پەرياد.
قايغۇرما ئۆتكەنگە، كەلمىگەنــگە ھەم،
شات ياشا، ئۆمرۈڭنى ئەتمــگىن بەرباد.

## 63

بولمايدۇ كۆڭلۈم شات، بولــسام بەك ھۇشيار،
مەس بولۇپ كەتسەممۇ ئەقلىم ئادىشار.
مەسلىك ھەم ساقلىقتا بولسام ئورتاھال،
شۇ پەيتكە كۆڭلۈم بىر ئاشىق بىقارار.

## 64

قولۇمدىن بۇ كۆڭلۈم چىقىپ كەتسە گەر،
ئۇ، دەريا — بارماقچى جايىنى بىلەر.
جا سوپى — تارقاچا، مەنمەنلىك بىلەن
تامچا سۇ ئارتۇق قۇي، ئۇ تېشىپ كېتەر.

## 65

كۈنلەرنىڭ غېمىدىن كىمكى زار ئېتەر،
ئۇ يوللار ئۇنىڭدىن زامان، ئار ئېتەر.
شىشىدىن شاراپ ئىچ، ساز چېلىپ دوستۇم،
شىشەڭنى تاش ئېكىپ، پارە-پار ئېتەر.

## 66

ھىكمەتتە ئارىستو ياكى بول جۇمھۇر،
رىمغا سەن قەيسەر بول، چىنغايا پەغفور.
جەمشىتنىڭ جامىدىن مەي ئىچ ئاقىۋەت،
جايىڭ گور، بولساڭمۇ بەلكى بەھرام گور.⑨

## 67

كوردۇمەن، بازاردا كوزىچى ئىشلەر،
كوزىغا لاي ئېتىپ، پىتىقلار، دەسسەر.
لاي دىدى ئۇۋىتىغا: "ئاستىراق تەپكىن،
بىر ۋاقىت سەندەك مەن ئىدىم كوزىگەر".



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 68

هۇشۇڭ تاپ، تېنىڭدىن بۇ ـ جېنىڭ كېتەر،
ئۇ تەڭرىم سىرىنىڭ كەينىدىن ئۆتەر...
شاراپ ئىچ، خوشال ئۆت، بىلمەيسەن چۈنكى
قەيەردىن كەلدىڭسەن؟ بارىسەن قەيەر؟

## 69

بۇ كوزا مەندەك بىر ئاشىق ئىدى زار،
مەشۇقى ئۇنىڭكى سۇمبۇل چاچ نىگار.
كوزىنىڭ تۇتقۇچى ـ يارىنىڭ بوينىغا
سېلىنغان قول ئىدى بىر چاغ بەختىيار.

## 70

يولداشلار، تۇققانلار قولدىن كەتتىلەر،
ئەجەل ئۇ، بىر ـ بىرلەپ بەربات ئەتتىلەر.
تىرىكلىك بەزمىسى ئارا ئىچىشتۇق،
ئۇلارغا بالدۇراق مەسلىك يەتتىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 71

مەي ئىچكىن، تېنىڭنى تۇپراق پارچىلار،
توپاڭدىن مەيگە كۇپ، كوزىلار ياسار.
دوزاقنى، جەننەتنى يادىڭدىن چىقار،
پۇتمىگەي * ئۇنىڭغا كىمكى ئەقلى بار.

## 72

دىيىشەر: جەننەتتە ھورۇ-كەۋسەر ** بار،
ئېرىقىتا مەي بىلەن سۇت، شېكەر ئاقار...
ماڭا مىڭ نېسىدىن بىر نەق ياخشىراق،
تولدۇرۇپ قەدەھنى تۇتقىن قېنى يار!

## 73

دىققەت قىل، بولغاندا ئەقلىڭ كۆزىگەر!
خار قىلما ئىنسانىنىڭ تۇپرىغىن، يېتەر!...
پەرىدۇن بارمىغى-خىسراۋ پەنجىنى،
پەلەككە يەم قىلدىڭ، مەقسىدىڭ دەپ بەر.⑯

---

* پۇتمىگەي — چۇمپۇتمىگەي، ئىشەنمىگەي.
** كەۋسەر — جەننەتتىكى بۇلاق.

## 74

دۇنيادا گۈزەل سوز قۇرئان ئوقۇلۇر،
داۋام مەس، بەزى بىر زامان ئوقۇلۇر.
بار قەدەھ لىۋىدە يارقىن بىر ئايەت،
بۇ ئايەت ھەر جايدا ھەر ئان ئوقۇلۇر.

## 75

گۈل چېغى، سۇ يېنى بولسا ئېكىنزار،
ئىككى - ئۈچ چاخچاقچى دوستۇڭ، ياخشى يار؛
ئال قەدەھ، ئىچسە كىم شۇ چاغ تاڭ مېيى،
بۇتخاناڭ، مېچىتىڭ ھەممىسى بىكار.

## 76

ئېچىلمىش بەخت گۈلى، ۋاقىت ساڭا يار،
نى ئۈچۈن شاراپتىن قوللىرىڭ بىكار؟
ئىچ شاراپ! زامان ئۇ، ھىلىگەر دۈشمەن،
مۇنچىلىك بىر كۈننى تاپمىقىڭ، دىشۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 77

ئەجەل ئوق ئاتقاندا قالقىنىڭ بىكار،
ئېغىناپ ئالتۇندا ياتقىنىڭ بىكار.
تەكشۈردۈم ئالەمنى... ياخشىلىق ياخشى،
بۇنىڭدىن باشقا گەپ ساتقىنىڭ بىكار.

## 78

رەنجىتمە خەلقنى سەن، رەنجىتسەڭ ئەگەر،
تۇن يېرىم بولغاندا نالە-زار ئېتەر.
تايانما مۈلكىڭگە، رەڭگى-رويىڭغا،
ھەر بىرىن بىر كېچە، ئۇ ئېلىپ كېتەر...

## 79

تۇققان شۇ، يات بولسا ۋاپادار ئەگەر،
يات ماڭا، كويۇمسىز تۇققان بەچچىغەر.
ئەمەلدە نەپ قىلسا، زەھەر-دورا ئۇ،
ئاغرىتسا بال قاچان، بال ئەمەس، زەھەر.

## 80

ئاققۇچى بىر ياقۇت جامىدا باردۇر،
ياقۇتتەك يالتىرات، بىرىپ روھقا نۇر.
ساقى، بەر قولۇمغا تولغان بىر جامنى،
تىرگۈزسۇن، جانىنىڭ شۇ جامدىن مەزكۇر.

## 81

ھالامەت تارتتىممەن سۆيگەچ سىنى يار،
ۋەدىسىنى بۇزسامەن جازاغا تەييار.
دەرتلىرىڭ تارتماقنى كۆڭلۈم خالايدۇ،
قىيامەت بولغىچە ئۆمۈر بەرسە يار.

## 82

شات ياشا، دۇنياغا كەلگەنلەر كېتەر،
جان چىقسا تەن ئۇچۇن ئۇ پەريات ئېتەر.
شۇ تۇرغان خىيالچان كىشىلەر بىر چاغ،
كوزىچى ئۇستامغا ئوزىنى دەسستەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## 83

قولىدا لاي تۇتقان ئاشۇ كوزىگەر،
ئەقلىنى، كۈچىنى شۇڭا سەرپ ئېتەر.
مۇشتلايدۇ، تېپىدۇ لاينى ئۇ، بىراق
بۇ لاينىڭ توپىسى بەدەندۇر مەگەر.

## 84

ئەي كوڭۇل! باقىدۇر * مەي بىلەن دىلبەر،
رىيانى ** يەرگە ئۇر، بولما ھىلىگەر...
ھەقىقى ياخشى سەن، شۇنداق ”كەۋسەر“ئىچ،
مۇرتەزا *** بولسۇن ئۇ ساقى ــ مەي سۇيەر.

---

* باقى ــ مەڭگۇ، ئەبەدى.
** رىيا ــ يالغانچىلىق، ساختىلىق.
*** مۇرتەزا ــ ھەزرەت ئەلى.

## 85

ساقلىساڭ سەن سىرنى ئېيتاي بىر خەۋەر،
تارىخى "ئادەم"دىن كەپنى مۇختەسەر *:
غەم لېيى بىلەن ئۇ، پۈتكەن جاپاكەش،
جاھاندا يەپ ئىچتى، كەتتى سوڭ ** بەدەر.

## 86

كەمستمە ئىچكەننى، ئىچمىسەڭ ئەگەر،
قىلغايمەن، تۇۋىنى تەڭرىم بەرسە گەر.
قىلارسەن ئىپتىخار، مەي ئىچمەيمەن دەپ،
يۈزلەرچە ئىش قىلدىڭ، ئىچكەندىن بەتتەر.

## 87

مەي ئىچكەن دوزاققا كىرەر دىيىشەر،
بۇ سوزگە پۈتمەيمەن، بۇ خاتا خەۋەر.
قالىدۇ ئالقاندەك قۇرۇقلام بىھىش،
دەۋزىخى بولغاندا ئاشىقلەر، مەسلەر.

---

* مۇختەسەر — قىسقا، قىسقىچە.
** سوڭ — كېيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

88

ئازات بول، زامانىنىڭ ۋەھىمىدىن دىلدار،
بىھۇدە تەشۋىشنى تاشلىۋەت ئى يار.
ئۆمرۈڭنىڭ لىباسى ھامان يىرتىلار،
قىلغىنىڭ ـ ئەتكىنىڭ ئېيتقىنىڭ بىكار.

89

شاتلىقنى تەشۋىشكە تېگىشسەڭ ئەگەر،
خاتىرجەم كۆڭۈلگە چېچىپ سەن زەھەر؛
بىر ئۆمۈر ئەقلىڭنىڭ ماتىمىدە بول،
ھازا تۇت! نادان دەپ پەقەت سېنى دەر.

90

ئۆزىنى بەك سوپى ئۇلار كورستەر،
دەل رىيا يۈكىنىڭ ئاستىدا كېتەر...
بۇــ قىزىق ئىشتۇر كىم نىقابى تەقۋا،
كاپىردىن يامانراق دىن سېتىپ يۈرەر.

## 91

بىر گۈرۈھ ئاغىزىدا لاپۇ ـ قاپ، غۇرۇر...
بىر گۈرۈھ كوڭلىدە ھور بىلەن ھوزۇر.
بىلىنگەي پەردىنى ئاچساق ئىش ئوچۇق،
ياق، بۇلار سىڭىنكىدىن نېرى ـ نېرىدۇر.

## 92

ئى چاققا رەڭگى ـ روي، بويغا سەن ئەسىر،
ياخشىغا، يامانغا سەن مۇنكىر ـ نەكىر؟ *
مەيلى سەن زەمزەم بول، يا، ئابى ھايات،
بارار جاي تۇپراقتۇر، يۇرگۈزگىن پىكىر...

## 93

خوشلىشىپ بەدەندىن ئەزىز جان كېتەر،
ئىككى خىش گورىمىز ئاغزىنى ئېتەر.
باشقىلار گورىگە شۇنداق قويغىلى،
خىش بولۇش نوۋىتى بىزگە ھەم يېتەر.

---

* مۇنكىر ـ نەكىر ـــ گوردىكى ئۆلۈكلەرنى سوراق قىلغۇچى ئىككى پەرىشتىنىڭ نامى.

94

بىزگە گۈل يەتمىسە مەيلى تىكەن بار،
بىزگە نۇر تەگمىسە مەيلى ئوت تەييار.
بولمىسا مەللە تون، خانىقا، شەيخلىق،
داغ بىلەن چىركاۋ ھەم بار ئىككەن زۇننار.

95

دىيىشەر: دۇنيادا كىم قانداق ياشار،
مەھشەردە قوپقاندا شۇ يوسۇن قوپار...
بۇ يەردە يۈرەيلىك مەي ۋە يار بىلەن،
مەھشەردە بۇلار ھەم بىز بىلەن تۇرار.

96

جىسمىمىز ئۈستىدە شۇنداق نەقىشى بار:
ئۆتىدۇ بىزدىن يۈز ئەخمەقلىق قاتار...
ئۆگىلىنالمىدىمەن، چۈنكى قىلىپتۇ
توكتۇگسەن بوتادىن شۇنداق نەقىشى كار!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## 97

ياخشىمەس ھاياتنىڭ ساقىسىز، مەيسىز،
ياخشىمەس تاماشا نەغمىسىز، نەيسىز...
تەكشۈردۈم ئىنچكە دۇنيا ئەھۋالىنى،
يەكۈن بۇ: ياخشىلىق-ياخشىكەن، دەيسىز.

## 98

ئاشىقلار تىپىشتۇق، ئۇلتۇرۇشتۇق بىز،
تىرىكلىك غېمىدىن يوقتۇر غېمىمىز...
زەۋقى-شەۋق مېيىدىن بىر جامدىن ئىچتۇق،
شۇنچە ھور، شۇنچە مەس، خوشال قەلبىمىز.

## 99

مەي كۈپى يېنىغا سالىدۇق جايىنامىز،
ئادەمگە ئوخشىدۇق مەي ئىچكەچكە ساز،
ئىبادەتخانىدا ئۆتكەن بىھۇدە —
ۋاقىتنى قاۋاقتا تولىمەكچى باز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 100

چا پۇلۇڭ ئۆتمەيدۇ، ئۆلپەتخانىمىز،
سۈپۈرۈپ قىلىنغان ساختىدىن پاكىز.
قاۋاقتىن چىقتى چال، دىدى: مەي ئىچىڭ،
مەسىلەر ئۇخلاشقا مەجبۇر بولىسىز...

## 101

بۇ چەرخ بىر — باغلىقى بەزەڭ ئومرىمىز،
جەيھۇن بىر — ئەسەرى قانلىق يېشىمىز.
دوزاق بىر — ئۇچقۇنى تارتقان رەنجىمىز،
پىردەۋس بىر — مەزگىللى شاتلىق ۋاقتىمىز.⑪

## 102

ھاياتتىن ئارپىدەك غەممۇ يىمەيمىز،
ناشتىلىق بولسىلا، كەچلىك دىمەيمىز.
ئاشخانا بەرمىسە پىشقان بىر تاماق،
قىلماقنى خام تاما ھەرگىز بىلمەيمىز.

## 103

يار ئۆمرى غېممەدەك بولسۇن بەك داراز *،
ئۇ، قىلدى ئىلتىپات مەن غېرىپقا باز.
كوزۇمگە كوزىدىن تاشلىدى نەزەر،
"ئەجرى قىل دەرياغا..."يولىن تۇتتى ساز.

## 104

ماڭا سەن دۇنيادا گۈزەل مىسلىسىز،
ماڭا سەن كوزۇمدىن ئەتىۋا، ئەي قىز.
ئادەمگە جېنىدىن ئەزىز نەرسە يوق،
ماڭا سەن جېنىمدىن يۈز ھەسسە ئەزىز.

## 105

سەن بىلەن سىرداشسام قاۋاق ئىچرە ساز،
كوپ ياخشى مېھراپقا قىلغاندىن ناماز.
ئەي تامام مەخلۇقنىڭ بېشى، ئاخىرى!
لۇتپى قىل، خالساڭ مەيلى قىل گۇداز **.

---

* داراز — ئىگىز، ئۇزۇن.
** گۇداز — كويدۇرۇش.

## 106

قاۋاقتا كوردۇمەن بىر قىبرى ئەزىز،
دېدىمەن: كەتكەندىن خەۋەر بەرسەڭىز.
ئېيتتى ئۇ: مەي ئىچكىن، كەتتى كوپ كىشى،
ئۇلاردىن ئۇچۇر يوق زادى بىر ئېغىز.

## 107

قىل ئۇسۇل، جۇرلىشار پۇتتا قولىمىز،
ئىچكەننى بوتاكوز بىلەن سۇيىمىز...
زەۋقى كەم ئىچكەننىڭ ياش يىگىرمىدە،
كورۇڭ مەي زەۋقىنى ئاتمىش ياشتا بىز.

## 108

ئەي جىېنىم! ئىشچانلار نەمۇنىسى بىز،
بولسا ھەم باش ئىككى، بىردۇر جىسمىمىز.
مەلۇم بىر دائىرە ئىچرە يۇرسەكمۇ،
بىرلىشەر ئاخىردا بىزنىڭ بېشىمىز.

## 109

قەدەھ تۇت! دۇنيانىڭ كارى بىر نەپەس،
بىر نەپەس شات بولساق، بولدى بىزگە بەس.
قارشى ئال ھەر ئىشنى خاتىرجەم تۇرۇپ،
شەخسى ئۇ، كۆتكەندەك ئىش بولغان ئەمەس!

## 110

قوللىرىم جام تۇتقان مېنىڭ مەيپەرەس،
تۇتۇشقا مۇنبەر ھەم كىتاپ ئەرزىمەس.
سەن قۇرۇق بىر سوپى، مەن ھول گۇناكار،
قۇرۇغى تۇرغاندا ھولنى ئورتىمەس.

## 111

بولمىساڭ ئوۋچىسەن، ئوۋدىن قىلما بەھس*،
بىلمىگەن نەرسەڭنى تەپسىر** قىلما، تەس.
كىم مەنا سورىسا، سەن كورگەننى ئېيت،
ھېچقاچان ئۇستازىڭ كورگەننى ئەمەس...

---

* بەھس — بەس - مۇنازىرە.

** تەپسىر — شەرھى، ئىزاھ، بايان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 112

بىر بۇلبۇل چىمەنگە كەلدى ئۆزى مەس،
گۈل بىلەن جامۇ-مەي خەندان ئەردى بەس.
دىدى ئۇ قۇلاققا: ”غەنىمەت ۋاقىت!
ئۆمۈرنى كەلتۈرۈش ھېچ مۇمكىن ئەمەس...“

## 113

قولۇمدىن كەتتى ئۇ سەرمايەم، ئەپسۇس،
ئەجەلدىن خۇن بولدى كوپ ئادەم ئەپسۇس.
كەلمىدى كەتكەندىن بىرسى، قايتمىدى،
سورايتتىم: ”قانداق،— دەپ،— ئۇ ئالەم؟“، ئەپسۇس.

## 114

قەلبىم ھىچ ئىلمىدىن مەھرۇممۇ ئەمەس،
قالدى ئاز سىرلاردىن مەپھۇممۇ * ئەمەس.
قارىسام ئۆزەمگە چىن ئەقىل بىلەن،
ئۆتۈپمەن ھىچ ئەھۋال مەلۇممۇ ئەمەس.

---

* مەپھۇم — چۈشەنچە، بىلىنگەن نەرسە.

## 115

قاۋاقتىن بىر بوۋاي چىقـتى ئوزى مەس،
قولتۇقتا جايناماز، قولىدا رومكا، بەس،
ئىمە ئىش بۇ، ـــ دېدىم ئاكـا، ـــ جان ئاتا!
دېدى: ئىچ! جاھاننىڭ ئىشىدۇر ھەۋەس...

## 116

يېتىشسەڭ، شاراپسىز تۇرما بىر نەپەس،
شات ئېتەر ئەقلۇ، دىن، قەلبىڭ بۇ ھەۋەس.
قىلاتتى "ئادەم"گە ئىككى مىڭ سەجـدە،
ئازازىل ئىچكەندە، بىر قېتىم ئەمەس.⑫

## 117

بولمىدىم كەيپسىز تاكى بىر نەپەس،
لەيلەتۇلقەدرىدە* ھەتتا بولدۇم مەس.
لېۋىمدە جام لېۋى، كوكرىكىمدە كوپ،
شىشىنىڭ بويىندا قولۇم بولـدى، بەس.

---

* لەيلەتۇلقەدرى ـــ قىممەتلىك، قەدىرلىك كېچە. بۇ رامىزان ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى كېچىسى بولۇپ، ئادەتتە شەبى قەدرى كېچىسى دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 118

مەيلدۇر ئۈتپەرەس جامى قىلسا مەس،
مەن بولسام كاپىر يا ــ تەرسا * بۇتپەرەس؛
ھەر گۇرۇھ ھەققىمدە ھەر خىل سوز قىلۇر،
مەن بولاي ھەر نەرسە، مەن ئۆزەمنىڭ! بەس.

## 119

شاراپسىز ياشاشقا مەن قادىر ئەمەس،
تەن يۈكىن شاراپسىز تارتمىغىم بەك تەس...
مەن پەقەت شۇنداق بىر ۋاقىتنىڭ قۇلى:
ئال دىسە ساقى جام، مەن ئەيتسامكى بەس!

## 120

ئەي كوكۇل! ھاياتنىن تاپقىنىڭ رەنجىش،
ئەھۋالىڭ ھەر كۈنى ئۆزىنى خۇن قىلىش.
نىمىشقا كەلدىڭ جان، "تەن" دىگەن يەرگە؟
ئاخىر ئىش ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش...

---

* تەرسا ــ يات دىندىكى ئادەم، كاپىر، خىرىستىيان دىگەن مەنىلىرى بار.

## 121

ئالەمگە مەن قاراپ كوردۇم غەيرى ئىش:
ئەل ئارا ئىگىز-پەس تەمىن ئېتىلىش....
نەگە مەن قارىسام، خۇدايا تۇۋا!
شۇندا مەن بەختىمنى كوردۇم كاج ئىمىش...

## 122

بىلمىدىم نى ئۇچۇن ۋۇجۇتقا كېلىش؟
بىلمىدىم نېسۋەم دوزاقمۇ، بىھىش؟
ساز، نىگار، مەي—ئۇچى مەن ئۇچۇن بولسۇن
سەن ئۇچۇن ئۇ—نېسى جەننەتكە كىرىش.

## 123

ياخشىدۇر كوڭۇلنى مەيدىن شات قىلىش،
ئۇ، كېلىپ-كەتكەننى كەمرەك ياد قىلىش.
ياخشىدۇر بۇ ئۇتىنە، بۇ مەھبۇس جاننى،
ئوي-پىكىر بەندىدىن سەل ئازات قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 124

ياخشىدۇر ئەلۋەتتە ياخشى نام ئېلىش،
پەلەكنىڭ چەرخىدىن ئۇيات زارلىنىش...
تائەتۇ، تەقۋاغا مەغرۇر بولماقتىن
ياخشىراق مەي ئىچىــپ مەس بولۇپ قېلىش.

## 125

رۇمكىغا شاراپنى كەپلەپ ئىچ ئاداش،
دىلرەبا بىر قىزنى ئەسلەپ ئىچ ئاداش.
مەي ئۈزۈم قېنىدۇر، دەيدۇ ئۇ ساكا:
هالال دەپ قېنىمنى سوزلەپ ئىچ ئاداش.

## 126

چۇلدىسىز ئۇي بىلەن سەن ئاغرىتما باش،
مەي ئىچكىــن رۇمكاڭنى توشقۇزۇپ ئاداش.
كەل ئۇزى هارام ئۇ، ئانىسى هالال ـــ
ئۈزۈمنىڭ قىزىنى* ئەپلە بەزمىداش.

---

* ئۈزۈمنىڭ قىزى ـــ بۇ يەردە مەي كوزدە تۇتۇلدۇ.

## 127

ئەۋ باھار كېلىش ھەم زىمىستان ئۆتۈش—
ھاياتنىڭ ياپرىغىن بىر-بىرلەپ توكۇش...
ئىچ شاراپ، يىمە غەم؛ دۇنيانىڭ غېمى—
بىر زەھەر؛ دارىسى قەدەھنى ئوپۇش *.

## 128

پەزلىڭدىن كىندەيمە، مەيگە سەن يېپىش!
باققىن شۇ كەۋسەرگە، قوي دوزاق، بىھىش...
مەي ئۈچۈن سەللىنى، تونىنى سات قورقما،
سەللىسىز بېشىڭغا يېنىكلىك بېرىش...

## 129

قەھرىڭدىن جەھەننەم، مېھرىڭدىن بىھىش
ئەزەلدە تەگرىم ئۇ، بەرپا ئەيلىمىش...
بەزمىگاھ جەننەتتىن توسسەن مېنى،
گۇنايىم يوق تۇرۇپ، بۇ قانداقچە ئىش؟

---

* ئوپۇش — سۆيۈش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 130

چىمەننىڭ بېشىغا يامغۇر توكتى ياش،
تۇرالماس شاراپسىز ئەمدى بىزدە باش.
قىلدۇق بىز كوكتاتنى سەيرى، كىم قىلۇر،
توپىمىز ئۈندۇرسە كوكتاتلىق ئاداش؟

## 131

بۇ پەلەك ئويۇنچى، بىزلەر ئويۇنچاق،
ھەقىقى بىر سوز بۇ، ھىچ ئەمەس چاخچاق.
يوقلۇقنىڭ ساندۇغى ئىچرە چۈشىمىز،
بىر ـ بىرلەپ تاختىدىن ئوينىلىپ بولساق.

## 132

دوستقا ھەم دۈشمەنگە ياخشى ياخشىلىق،
قىلالماس يامانلىق ياخشى، سەت قىلىق.
ئەسكىلىك قىلغاندا دوست دۈشمەن بولۇر،
دۈشمەننىڭ دوست بولغاي بولساڭ ئەن ئىللىق. ⑬

## 133

ئەزەلدە لېيىمنى ئەتكەنتى خالىق،
قىلماقچى ئىشىمنى بىلمىش ئۇ ئېنىق...
ھەر گۇنا قىلسامۇ ھوكمىدىن قىلدىم،
مەھشەردە جازالاش ــ بۇ نىچۇك مەنتىق؟!

## 134

ئاغمىچى سوزىگە سالمىغىن قۇلاق،
يېڭىچى ئىلگىدىن ئالغىن سەن هاراق.
بىر-بىرلەپ كېتىشتى كەلگەنلەر بۇرۇن،
دېرەك يوق ھىچ قايتىپ كەلگەندىن بىراق.

## 135

ياخشىدۇر ئاق رۇمكا، قىپ-قىزىل هاراق،
ياخشىدۇر چاڭ، دۇتار ئاڭلىسا قۇلاق.
جامۇ-مەي كەيپىدىن بىخەۋەر سوپى،
ياخشىدۇر بىزدىن ئۇ، بولسا بەك يىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

## 136

شۇنداق بىر كوكۇلگە ئىست! ئۇتى يوق،
بىر گۈزەل ئىشقىدىن بىشىدۇر قۇرۇق.
قايسى كۈن مەي ئىچمەي ئۇتكۈزدۈڭ پەقەت،
شۇ كۈننى مەنىسىز دەپلا چوتنى سوق.

## 137

ساز يېڭى شاھلىقتىن كونا بىر ھاراق،
نەشئەسىز نەرسىنى تاشلىۋەت يىراق.
مەي كوپى ئاغزى زور خىسراۋ تاجىدىن،
پەرىدون مۈلكىدىن بىر جام ياخشىراق.

## 138

ئۈزاتتىم قولۇمنى چىچىڭغا ئۇماق،
ئۈزاتتىم ھەقىقى... بۇ ئەمەس چاخچاق.
بۇ سارالڭ كوڭلۈمنى كوردۇم چىچىڭدا،
ئۈزاتتىم قولۇمنى كوڭلۈمگە شۇنداق.

## 139

يا، سېنىڭ ۋەسلىڭگە يەتمەس قول، ئاياق،
يا، سېنى تاشلاشقا تاقەت يوق بىراق.
دېيەلمەي كىشىگە تارتقان دەرتنى، يا
قىيىن ئىش، ئەجەپ دەرت، بۇ گۈزەل پىراق.

## 140

قايسى كۈن رەڭگىمنى كورسەڭ يالتىراق،
كوڭلۈمدە بىرتالاي دەردىم بار، بىراق...
كوزلىرىم دەرياسى ئىچرە سۇ ئۈزگىن،
"ئادىمى ئابى" سەن، ئۈزسەڭ شۇندا ساق...⑮

## 141

سەھەرنىڭ سالقىنى ئاچتى گۈل - چىچەك،
شات بولدى بۇلبۇلۇڭ گۈل يۈزىدىن بەك.
ئولتۇرغىن گۈل ئىچرە، چۈنكى بۇ گۈللەر
توكۈلۈپ، بولىمىز بىزمۇ توپىدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 142

بەرمىدى قايغۇدىن باشقىنى پەلەك،
يوتكىسەڭ يەرنى ھەم ئىش قىلماس بولەك.
كەلگەنلەر ھالىنى بىلسە كەلمىگەن،
قىلمىغاي كېلىشنى ھەرگىزمۇ تىلەك.

## 143

دۇنياغا كەلمەيتتىم مەندە بولسا ئەرك،
كەتمەيتتىم جاھاندىن، يەتسە كۈچ دىمەك.
كەلمىسەم، بولمىسام، كەتمىسەم مەنچە،
شۇ "بولۇش-يوقىلىش" يېرىدە تىلەك.

## 144

دۇنياغا پاك كېلىپ بىز بولدۇق ناپاك،
بەك خوشال كېلىپ بىز، بولدۇقكى غەمناك.
توكۇلدۇق سۇ بولۇپ دىلنىڭ ئوتىغا،
ئۆمۈرنى ئالدى يەل، بىز بولدۇقكى خاك.

## 145

ئاغزىمنى كوزىغا قويدۇممەن دېمەك،
مەقسىدىم كوپ ياشاش چارىسىن بىلمەك.
ئۇ دېدى، لېۋىنى لېۋىمگە قويۇپ؛
"مەي ئىچكىن، قايتا يوق جاھانغا كەلمەك!"

## 146

داس سۇپەت بېشىڭدا تۇرغان بۇ پەلەك،
ئاندىدا خارۇ-زار بولسا كىم زېرەك.
جامۇ-مەي شۇنىچە دوست، لەۋگە لەۋ قويار،
توكۇلگەي ئورتىدا بىراق، قان دېمەك.

## 147

ماڭا دوست بولمىدى بىر كۈنمۇ پەلەك،
ئاچمىدى چىرايىن بولدى تاش يۈرەك.
قايسى كۈن شاتلىقتا ئالسام بىر نەپەس،
شۇ كۈنى ئاچتى يۈز غەم ماڭا ئىتتەك.

## 148

ئەيلىدىڭ كۆڭلۈمنى ئەي پەلەك غەمناك *،
خوشاللىق كۆيىنىگىم قىلىپ مۇنچە چاك...
قىلدىڭ سۇ، بىر شامال ئەسكەندە ماڭا،
ئاغزىمغا سۇ ئالسام، قىلدىڭ ئۇنى خاك**.

## 149

ان، تۈزنى بىلمىدىڭ ئەي چەرخى پەلەك،
لدىڭسەن يالىڭاچ بىزنى بىلىقتەك.
ېلىگنى ياپىدۇ، بىر ئايال چەرخى،
بىر خوتۇن چەرخى ئۇ، سەندىن ياخشى بەك.

## 150

ەلىمگە پىچىرلاپ ئېيتتى بۇ پەلەك:
"ھەر ئىشنى مەندىنلا كۆرمەك نى كېرەك؟
ئىش ئۈچۈن گەر بولسا مەندە ئىمتىياز،
يۈرەمتىم چۇرگىلەپ مەن ئۆزەم دىمەك."

---

* غەمناك ــ غەمكىن.
** خاك ــ توپا، تۇپراق.

## 151

ئالەمنى تۇزگەندە، تۇزگۇچى ئىلىك،
نىمشقا قىلماپتۇ، بۇندا تەكشىلىك؟
تۇزۇلـمە ياخشىكەن، بۇزۇش نە ئۇچۇن؟
گەر يامان دىگەندە، كىمدە كەمچىلىك؟

## 152

دىسەڭ سەن كوڭـلۇمچە يۇرسۇن بۇ پەلەك،
روھىڭنى پەرۋىرىش قىلىشىڭ كېرەك.
مەن ئىيتقان: ”غەم يىمە، مەي ئىچ!“ دىگەنگە،
جان ـ دىلدىن قوشۇلۇش لازىمدۇر، دىمەك.

## 153

مەي هارام؛ هالاللىق شەرتى تۇت تۇرلۇك:
مەقسىدى، مىقدارى، ئۇلپەت، ۋاق نىچۇك.
شۇ شەرتلەر تەلەپكە ئۇيغۇن بولغاندا،
دەنانىڭ ئىشىدۇر بەلكى ئىچكۇلۇك.

www.uyghurkitap.com

## 154

شاراپنىڭ باشقا گەپ ئاز بولغان تۈزۈك،
قەدەھنى قىز قولى ئۇزاتقان تۈزۈك.
مەي ياخشى يەر ۋە كوك ئارا ھەممىدىن،
بولغــنىڭ مەيپەرەس سەرگەردان تۈزۈك.

## 155

تېنىڭدە بولغىچە پەي، تومۇر، سۆڭەك...
ياشاۋەر تەقدىرىڭ يېزىلغىنىدەك.
باش ئەگمە دۈشمىنىڭ رۇستەم * بولسا ھەم،
يېلىنما دوستۇڭغا ھاتەم ** ئۇ، دېمەك.

## 156

بىز سۆيگۈ كاپىرى، مۇسۇلمان بولەك،
بىز زەئىپ چۈمۈلە، "سۇلايمان" *** بولەك.
بىزدە بار سىيرىق يۈز، كونا بىر چاپان،
سەن دېگەن چاپانچى، ئۇ دۇكان بولەك.

---

* رۇستەم — تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كۈشتىنگەر باتۇر.
** ھاتەم — تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر سېخى ئادەمنىڭ ئىسمى.
*** سۇلايمان — ھەزرىتى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام.

## 157

ياخشىدۇر دىلبىرىم، پۈتۈننى سۆيمەك،
باشقا قىز لېۋىگە سۆيگىنىمدىن بەك..
خىيالىڭ ئىنتىگى قولۇمدا كۈندۈز،
كېچىلەر ئىشىمدۇر ۋەسلىڭ ئىزدىمەك.

## 158

بولمىغاڭ لازىمدۇر مۇھەببەتتە پاك،
بولمىز شۇم ئەجەل ئىلكىدە ھالاك.
پەرۋاسىز، بوش تۇرما ئەي گۈزەل ساقى،
بولمىز، مەي بەرگىن، ئاخىر دەمدە خاك.

## 159

مەن ئۇلسەم بىر بەزمى سىز ئىجات ئېتىڭ؛
ئۇزئارا دىداردىن دىلنى شات ئېتىڭ.
قەدەھنى ئالغاندا ساقى قولىغا،
بىچارە ھەييامنى دوستۇم ياد ئېتىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## 160

ئەۋۋەلدە ئۆزەمگە ئاشنا قىلدىڭ،
سوڭ نىچۈن ئۆزەمدىن سەن جۇدا قىلدىڭ؟
ئىبتىراپ قىلىپسەن باشتا بولمىغىم،
ئالەمدە نى ئۈچۈن بىناۋا قىلدىڭ؟

## 161

ھىساپ ئال ئۆزەڭدىن! بار ئىكەن ئەقلىڭ،
نى ئېلىپ كەتمەكچى، نى ئېلىپ كەلدىڭ؟
ئېيتىسەن: ئۆلۈم بار، ئىچمەيمەن شاراپ،
ئىچسەڭ ھەم ئىچمىسەڭ، مەۋجۇت ئۆلۈمىڭ.

## 162

كەل ئاداش يېمەيلى غېمىن ئەتىنىڭ،
كۈتەيلى ۋاقتىنى بىر دەم ئۆمۈرنىڭ...
بۇ ئۆتەڭ قالدۇ... بىز بولساق دوستى —
يەتتى مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن "كىشى"نىڭ.⑯

## 163

زامانە غېمىدىن غەملىك سەن ئۇزۇك،
نى چاقچا دىلىك قان، ياشلىقىتۇر كوزۇك؟
چىققۇچە بۇ هايات هالقىسىدىن سەن،
شات ياشا، نى چاقچا دەرتلىكتۇر سوزۇك؟

## 164

يۇتۇم مەي جەمشىتنىك دولىتىدىن چوك،
مەي بويى مەريەمنىڭ ناشتىسىدىن چوك.
سەهەردە مەس دىلنىڭ تارتقان بىر ئاهى،
بۇ سەئىد، ئەدهەمنىڭ نالىسىدىن چوك. ㊼

## 165

غىزايىم ئۇچۇن سىز ماڭا مەي بىرىڭ،
قەهرىۋا يۈزۈمنى ياقۇتتەك قىلىڭ.
مەن ۋاپات بولغاندا مەي بىلەن يۇيۇپ،
تال ياغاچلىرىدىن جىنازام ئېتىڭ.

## 166

بىر جامكى ئەيلىمىش ئىختىرا ئەقىل،
قەدىرلەپ شۇ جامغا يۈزنى سۈيدى بىل.
پەلەك' نام كوزىچى شۇنداق جام ياساپ،
ئارقىدىن يەرگە ئۇر، ئۇرىدۇ تىنجىل.

## 167

سائادەت يولىغا ماڭغان بۇ ئەقىل
ھەر كۈنى يۈز ئىبىتار ساڭا. ئاڭلىغىل!
"مىنۇت"نىڭ قەدرىگە يەتكىن، ھۇشۇڭ تاپ،
بىر ئۆلسەڭ تىرىلمەك قايتا يوق، بىلگىل.

## 168

دىيىشەر بىھىش بار، ئۇندا ھور ئايال،
بىھىشتا ئەڭ ئالى شاراپ، ياخشى بال...
دۇرۇستۇر قىزپەرەس، مەيپەرەس بولساق،
ئىكەنغۇ ھەر جايدا شۇ يوسۇن ئەھۋال.

## 169

كىم كوردى جەننەتنىڭ، دوزىقنىڭ ئەي دىل؟
كىم كەلدى ئۇلگەندىن، قىل گېپىڭ ئەي دىل؟
بىز قورققان، يېلىنغان نەرسىنىڭ، ئاگلا:
ئىسمى بار، جىسمى يوق...مۇشۇ — جىنڭ، ئەي دىل!

## 170

سۇس بولما، تەگرىدىن بۇيرۇغاننى قىل،
ئايىما بىر نانىنى ئەل بىلەن يىگىل!
قىلما قەست كىشىنىڭ مالۇ ـ جانىغا،
مەي كەلتۈر، ئۇ دۇنيا ئۈچۈن مەن كېپىل.

## 171

چىرايلىق بىر كۇندە جامىنى قولغا ئال،
يېنىڭدا ئولتۇرسۇن بىر گۈزەل جامال.
مەي ئىچكىن شات ـ خورام، چۈنكى بۇ پەلەك
چورگىلىپ سېنى ئۇ ئەيلىگەي زاۋال.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 172

بۇگۈن بەك ئوبدان كۈن — ھاۋا موتىدىل،
يۇدى گۈل يۈزىنى يامغۇر خوپ ئىسىل.
سېرىق گۈل ئۈستىدە بۇلبۇلجان دېدى:
مەي ئىچىش ۋاقتى بۇ، قەدرىنى سەن بىل.

## 173

كوڭلىمىز ھورمىتى، يارىم قېنى كەل!
مىسك مۇرات ـ مەقسەتتىن ئەيلە بىرنى ھەل.
بىر كوزا مەي ئەپكەل، كوتىرەي ئۈنى،
توپامدىن كوزىلار ياساشتىن ئەۋەل.

## 174

مەي بەرسەڭ تاتقا ھەم ئوينايدۇ ئۇسۇل،
كىم دىسە مەي ئوسال، ئوسالدۇر ئۇشۇل،
مەي ئىچسەم تووۇنغا بۇيرۇيسەن مېنى،
روھنى ئۇ تەربىيەت ئېتەر، سېنى گۈل...

## 175

ئەي شەھەر مۇپتىسى سەئدىن بىز ئەپچىل،
ھۇشىيارراق سەندىن بىز، ئىچسەكمۇ سىجىل.
ئىچىمىز سەن ئادەم، بىز ئۈزۈم قېنى،
قايسىمىز قانخورراق؟ توغرا بىر گەپ قىل!

## 176

شىشىدىن بولدۇقلاپ چۈشسە مەي گۈزەل،
سامانىڭ ئاۋازى ھەمدە نەي گۈزەل.
بېيشىڭدا مەي بولسا قولتۇقتا جانان،
زاماندىن غەم يوقتۇر... بۇ ھەي-ھەي گۈزەل.

## 177

گەردىشى پەلەكتىن پەقەت ئىككى خىل —
ئادەمنىڭ پىسەنت قىلماسلىقىن بىل:
ياخشى ھەم ياماندىن ۋاقىپدۇر بىرسى،
بىرسى ئۇ، دۇنيادىن بىخەۋەر، رەزىل.

www.uyghurkitap.com

## 178

شەيدا مەن بىر يارغا، لەۋلىرى ھەسەل،
گىرىپتار غەمگە ئۇ بولەك جايدا، دەل.
ئۇنىڭدىن بىر ئىلاج سورايمەن دىسەم،
بىزنىڭ ئۇ تىۋىپنىڭ ئۇزىدۇر كىسەل.

## 179

گەردىشى پەلەكتىن دائىم غەمدە دىل،
مەندىكى پەسلىككە قارشى مەن سىجىل:
ئىلىمىم يوق جاھاننى تاشلاپ كەتكۈدەك،
ياكى يوق غەم يىمەي تۇرغۇدەك ئىقىل.

## 180

كاشكى بىر تىنغۇدەك جاي بولسا، گۈزەل...
يەتكۈزسە يولىمىز شۇ ئورۇنغا دەل؛
ئۇنىسمۇ يۈز مىڭ يىل ئوتۈپ تاپىمىز —
ئىچىدىن گۈل-چىمەن، كاشكى بىر مەھەل.

## 181

بۇ ئىككى ئىشكىلىك جايدا بار ھوسۇل:
رەنجىش ۋە جان بېرىش... ياخشى ۋاقىپ بول!
شات كۆڭۈل ھەركىمكى، ئۇ ئەمەس تىرىك.
بەختلىك ـــ ئانىسى تۇغمىدى ئۇ شول.

## 182

بىر كۈنى خۇمدانغا مەن بارغان ئىدىم،
كوزىلار سوزلەردى، بەزىبىرسى جىم.
گەپ قىلىپ بىر كوزا ئېيتتى ئۇ، ماڭا:
ئەتكۈچى، ئالغۇچى نەدە بىزنى؟ كىم؟

## 183

ئەي تەڭرى! باشتىلا ئەتتىڭ سەن لېيىم،
يېپەكمۇ يا يۇڭمۇ؟ ئېگىردىڭ يىپىم.
ياخشىلىق، يامانلىق ئوتسە مېنىڭدىن،
بۇ ئىشنى قىلدۇردۇڭ... نە مېنىڭ ئەيۋىم؟

## 184

سەرگەردان بولۇشني يەنە باشلىدىم،
بەش قېتىم نامازدىن يۈزنى چۆيردىم.
نەدە بىر شىشە بار، مەن شۇ يەردە نەق،
شىشىدەك سوزۇشتىن بويۇن، يانمىدىم.

## 185

شۇ بوگۈن ئاتەشتەك يىگىتلىك چېغىم،
مەي ئىچەي، شۇنىڭدا كوڭۇل شاتلىغىم.
ئەيىپلىمەڭ مەيىنى سىز ئاچچىق نەرسە دەپ،
هاياتىم ئاچچىغى ئۇ مىنىڭ دىغىم.

## 186

مەن شاراپ ئىچسەممۇ مەسلىك قىلمىدىم،
رومكىدىن باشقىغا قولنى سوزمىدىم...
مەيپەرەس بولۇشتىن غەرىزىم نىمە؟
ئوزپەرەس بولۇشتىن يېنىش مەقسىدىم. ⑱

## 187

بۇ جاھان ئەمەسكەن بىزگە جاي مۇقىم،
يارسىزلىق، ئىچمەسلىك — خاتالىق ئېرۇسىم،
سىز ”قاچان يارالدى دۇنيا؟“ دېمەكلە...
مەن كەتسەم، بۇ دەۋا بىلەن نى ئىشىم!

## 188

مېنىڭدىن ئۇمەرگە يەتكۈزۈڭ سالام،
ئېيتىڭىز: قىلىسەن خاملىق ئەي ھەييام!
مەي قاچان ھارام دەپ ئېيتتىم مەن ساڭا؟
پىشقانغا ھالال ئۇ، خاملەرگە ھارام.

## 189

كوزامنى يوقاتتىڭ سۇندۇرۇپ، رەببىم!
ياپتىڭ بەخت ئىشىگىنى، سەن ئۇرۇپ رەببىم!
گۇل رەڭلىك شارابىم توكتۇڭ يەرگە سەن،
قالدىڭمۇ سەن ياكى مەس بولۇپ رەببىم؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

190

تەگرىمنىڭ ۋەدىسى جەننەت ئىچرە جام،
نى ئۇچۇن دۇنيادا قىلۇر مەي هارام؟
مەس ئەرەپ قەستلىگەچ ھەمزە توگىسىن،
مەي هارام دىمىشتۇر، بىلىڭ خاسۇ-ئام!⑲

191

تۇر، ماڭا شاراپ بەر، سوزنى قوي بۇ دەم!
ئۇ، كىچىك ئاغزىڭدۇر بۇ كىچە تونىمەم.
بىزگە ئوز مەڭزىڭدەك گۇلگۇن مەيىنى توت،
چىچىڭدەك چىچىلغان بۇ مىنىڭ توبەم...

192

مىنىڭدىن مۇھەممەت رەسۇلغا سالام —
يەتكۈزۈپ، ئېيتىڭىز بۇنداق بىر كالام:
نە ئۇچۇن شەرئىدە شۇنچە ئېچىغان —
ئايران ئۇ، ھالالۇ، پاكىز مەي هارام؟

## 193

شۇبۇ كۈن — "جۇمە كۈن" دەل ئۇنىڭغا نام،
ئىچ شاراپ كوزاڭدىن، يوق دەپ تۇرما جام.
باشقا كۈن بىر قەدەھ مەي ئىچەر بولساڭ،
ئىككىنى ئىچ بۇگۈن — سەيدىلئەييام * .

## 194

مەي ئەگەر ئۇ، هارام، ئۇنى ئىچ داۋام،
بەلكى ئىچ ساز ئارا ئۇنى سۇبھى - شام.
ياقۇتتىن تولغان جام كەلسە قولۇڭغا،
بىر قەترە تېمىتماي ئىچ ئۇنى تامام.

## 195

خوشال ئوت، ئومۇرنىڭ هاسىلى بىر دەم،
بۇ تۇپراق — تۇپرىغى كەيقۇباد ** ۋە جەم *** .
قىل قىياس بىر خىيال، ئالدىنىش يا چۈش...
هاياتىڭنىڭ تەھتى هەم ئەھۋالى ئالەم.

* سەيدىلئەييام — ئۇلۇغ كۈن، كۈنلەرنىڭ ئۇلۇغى، خوجىسى.
** كەيقۇباد — ئىران كىيانىيانلار سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى پادىشاسى.
*** جەم — جەمشىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## 196

سوزلىسەم ھەرقاچان مەن نادانلىغىم،
پەرىشان بولىدۇ بەك مېنىڭ دىلىم.
مۇسۇلمان بولۇشۇم قىلدى تەقەززا،
شۇ ئۈچۈن بىلمىگە زۇننار باغلىدىم.

## 197

پەلەكنىڭ بەندىدىن ئازات بولمىدىم،
يارىلىپ قالغاندىن بىر شات بولمىدىم؛
مەن قىلدىم دۇنياغا شاگىرتلىق تولا،
شۇ چاقتا تىخى مەن ئۇستات بولمىدىم.

## 198

بىر قولۇم قۇرئاننى تۇتتى، بىرسى جام،
گايىدا ھالال مەن، گايىدا ھارام.
كوك گۇمبەز * تېگىدە بىزلەر ياشىغان،
يا ئەمەس مۇسۇلمان، يا كاپىر تامام. ⑳

---

* كوك گۇمبەز — ئاسمان.

## 199

مەي ئىچىش، شات بولۇش رەسمى — ئايىنىم،
كۈپرىدىن ھەم دىندىن ئازاتلىق — دىنىم.
"تويلۇغۇڭ ئېيت" دىسەم، دۇنيا ئاتلىق قىز،
شاتلىغىڭ تويلۇغۇم، — دىدى، — قالىنىم.

## 200

بىر چىمەن، بىر ساقى، شاراپ بىرلە جام
جەم بولسا، جەننەت شۇ ماڭا، ۋەسسالام.
ئاڭلىما جەننەت ھەم دەۋزەخ گېپىنى،
كىم كوردى ئۇلارنى؟ بولدى، گەپ تامام.

## 201

ئۆتكۈنچى جاھاندىن زەررە يىمە غەم،
شات ياشا، خوش ئۆتكۈز، بار ئىكەن بىر دەم.
دۇنيانىڭ خۇلقىدا بولغاندا ۋاپا،
باشقىدىن تەگمەيتتى نوۋەت ساڭا ھەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 202

تۈيۈقسىز ئۈرگەچە سېنى تۈندە غەم،
ياخشى مەي كەلتۈرسۈن بۇيرۇغىن سەنەم!
سەن ئالتۇن ئەمەسقۇ بىر دەم كومۇشۇپ،
باز * كوۋلاپ ئالغىلى قايتىدىن بىر دەم؟

## 203

ئىشقىڭنىڭ دامىغا چۈشتى بۇ بېشىم،
بولمىسا، مەي بىلەن مېنىڭ نى ئىشىم؟
تووانى ئاك بەردى، جانانىم بۇزدى،
تون تىكتى سەۋرى ئۇ، يىرتتى دەۋرانىم.

## 204

بولسا بىر قىزىل مەي، بىر توم شېئىر ھەم،
جىق ئەمەس، پۇچۇق نان، باھوزۇر بىر دەم...
ئولتۇرساق مەن ۋە سەن بىر خارابىدە،
بۇ — قانداق پاشالىق سەلتەنەتتىن كەم؟

---

* باز — يەنە مەنىسىدە.

## 205

ئىشقىدىن پال ئېچىپ تۇرسام مەن شۇ دەم،
يۈرەكتىن سوزلىدى دانا موھتەرەم:
"بەختلىك شۇ كىشى، بولسا ئۇيىدە
بىر گۈزەل مەھبۇبى، يىلدەك تۈنى ھەم..."

## 206

ئەزەلنىڭ سەييادى * قىسماق قويدى ھەم،
ئۇۋلىدى بىر ئۇۋنى، قويدى ئات "ئادەم".
ياخشىلىق، يامانلىق ھەر ئەھۋال ئۇتمىش،
ئۇ، قىلىپ، سەن، ماڭا دوگگىدى ھەر دەم.

## 207

ئولۇملۇك — بىر ئولمەك. ئولگىن بىر قېتىم،
سەن نىمە بىچارە، بۇ — نىچۈك بىسىم؟
نى ھاجەت بۇنچە غەم؟ چۈنكى نايىتى
سەندە بار قان، تومۇر، تېرە بىر سىقىم...

---

* سەييياد — ئۇۋچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 208

ئەجەلدىن بىر دەمنى ئاسراپ ساقلىدىم،
ئۆمۈرنىڭ شاخىدىن مەن ئۈزگەن ئىدىم،
تۆپرىغىم غەلۋىردە تاسقالغۇچىلىك،
ئالەمنى غەلۋىرگە سالدىم، تاسقىدىم.㉑

## 209

ئوقۇيدۇ بۇ زامان بۇلبۇلۇك داستان،
ياقۇت رەڭ شارابنى تەڭلىسۇن جانان.
ئېچىلدى گۈل كۈلۈپ، تۇر، بۇ يەرگە كەل!
سېنى ھەم كۈلدۈرسۇن ئىككى كۈن بوستان.

## 210

گۈل دېدى: يۇسۇپ مەن، مىسرىدۇرچىمەن؛
ئاغزىمدا لەببالەب * زەر**،ــ ياقۇت دېگەن...
مەن دېسەم دەلىل تاپ، ئېيتتى ئۇ ماڭا:
مانا قان، قاراپ باق كوينىگىمگە سەن.

---

* لەببالەب ــ لىمۇــ لىپ، لىقمۇ ــ لىق.
** زەر ــ ئالتۇن.

## 211

بىر يارغا كىم قولى يەتتىلەر قاچان؟
سانچىماي بىر تىكەن قەلبىگە زامان؟
تىلىندى تارغاقنىڭ قەلبى شۇنچە كوپ،
مەشۇقنىڭ چېچىغا يەتتى قول ھەر ئان.

## 212

جەمشىتنىڭ جامىنى ئاختۇردۇق چىنان،
بىر كېچە تېچ ئۇخلاپ، تاپمىدۇق ئامان...
بۇ جامنىڭ تەئرىپىن ئاڭلاپ ئۇزىمىز—
بىر "جاھان كورگۇچى" جام بولدۇق ياران.⑫

## 213

قۇش ئىدىم، ئۇچتۇممەن "سىر دۇنياسى"دىن،
يېتەي دەپ يۇكسەككە، ئوتتۇپ پەردىدىن...
تاپمىدىم بۇ جايدا سىرداش بىر كىشى،
چىقتىممەن ئاستا ئۇ كىرگەن ئىشىكتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 214

بۇ يولغا كەتكەندىن قايتقان بارمىكىن؟
مەن سوراي بىر خەۋەر، ئاشۇ شەخسدىن...
ئىستىگىنىڭ نى ئىكەن بۇ سارايدا يەت،
كەلمەيسەن دۇنياغا يەنە قايتىدىن.

## 215

مەس ئىدىم، ئوتتۇممەن قاۋاق ئالدىدىن،
ئۈچرىدى ئاقساقال تۇتۇپ شىشىدىن.
دېدىممەن: تەڭرىدىن قىلمامسەن ھايا،
دېدى:ئىچ، ئەپۇنى كۈتكىن تەڭرىدىن.

## 216

كەلمىگەن ئىش ئۈچۈن بولمىغىن سامان.
ھادىسە كەلگەندە قورقما ھەر يامان.
بۇ بىخىل دۇنيادىن ئال تېگىشلىگىنىڭ،
قىل ئىشىڭ، ئوز ئىشىن قىلغىنچە جاھان.

## 217

قولۇڭدا بار ئىكەن بىرغىــنام ئاق نان،
ئىككى جىلىڭ مەي، يەنە قوي گوشى بىر سان؛
ئولتۇرساڭ يار بىلەن بىر خارابىدا،
بۇنداق بىر دولەتنى تاپىمغاي سۇلتان.

## 218

دىيىشەر: مەي ئىچمە شەباندا يامان،
رەجەپ ھەم تەڭرىگە خاس ئايدۇر ياران!
شۇ ئايلا بولغاندا خۇدا، رۇسۇلىنىڭ،
ئىچەيلى قالمىشتۇر بىزگە رامزان.

## 219

تىللايسەن بىزنى ئەي زاھىت پىشىمغان...
بىز دائىم مەس خاراپ ئەھلى دىل ئىنسان.
سەن ساختىا تەسۋى ھەم رىيا كەيىندە،
بىز ماڭدۇق مەقسەتكە مەي بىلەن ھامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 220

بۇ پەلەك قەستىدۇر يوقىتىش ھامان،
سەندىن ھەم، مەندىن ھەم ئالماقچىدۇر جان.
بىر زامان بوستاندا ئولتۇرايلى، كەل!
توپىمىز ئۈستىدە كوكلىگەي بوستان.

## 221

ئىچ شاراپ، ياتارسەن يەردە كوپ زامان،
بولمىغاي يولدۇشۇڭ، مۇڭدۇشۇڭ ئىنسان!
ئېيتمىغىن ھېچكىمگە بۇ مەخپى سىرنى،
بىر قېتىم سولغان گۇل ئېچىلغاي قاچان!؟

## 222

بىر يۇتۇم مەي ياخشى كاۋۇس مۇلكىدىن،
كەيقۇ باد تەختىدىن، تۇس قورۇسىدىن.
ئاشىقنىڭ تاڭ سەھەر چەككەن نالىسى،
ياخشىدۇر زاھىتنىڭ ساختا ھۇسىدىن...

## 223

مەي ئىچىش، ئولتۇرۇش، ئولپىتى جانان،
سوپىنىڭ رىياكار ئىشىدىن ئوبدان.
دوزاقى بولغاندا مەس ئاشىق ئەگەر،
جەننەتنى كورۇشنى خالىماس ھىچ جان.

## 224

مەي ئىچەي شۇنداقكى: ئولگەندىن كېيىن،
مەي بويى كەلسۇن ئۇ، كومگەن توپىدىن.
شۇ بويدىن قەۋرەمگە چىققان چالا مەس،
پۇتۇنلەي مەس بولۇپ كەتسۇن خۇدىدىن.

## 225

بۇ تەييار بەختنى قولدىن بەرمىگىن،
بىۋاپا يارغا ھىچ باشنى ئەگمىگىن!
قالغان ئاز ئومۇرنى بىلگىن غەنىمەت،
ئومۇرگە نامازدەك قازا يوق لېكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### 226

ھەقىقەت ئىزلەپ ھىچ بىشى قاتمىغان،
شەخسىيەت سىرتىغا قەدەم ئاتمىغان —
شەخسلەر قىلىشتى، بەتنام ياخشىغا،
قالمىدى ئۇلارنى ھىچ ئوخشاتمىغان...

### 227

بىر گۇرۇھ تالاشتا مەزھەپ ۋە دىنىدىن،
بىر گۇرۇھ تەكرىنىڭ بار-يوقلۇغىدىن...
توغرا يول ئۇ ئەمەس، بۇ ئەمەس دىدى،
شۇ چاغدا بىر كىشى تامنىڭ كەينىدىن. (23)

### 228

ئول كىمكى تۈزۈپتۇر زېمىن ۋە ئاسمان،
داغ قويدى داغلانغان يۈرەككە ھامان.
بەك نۇرغۇن ياقۇت لەۋ*، زۇلپى** ئىپارنى،
تۈپراقنىڭ قويىنىغا سالدى بىر زامان.

---

* لەۋ — كالپۇك.
** زۇلپى — چاچ.

## 229

چاچ پەلەك بېشىغا قاتتىق چاڭ ـ توزان،
ئىچ شاراپ، يۈز مەھبۇب يېنىدا ھامان.
شۇنچە كوپ كەلگەندىن بىرسى يانمىدى،
نە ھاجەت تائەتتىن سوزلىشىش بۇ ئان.

## 230

ھەر سەھەر بولىدۇمەن قاۋاقتا راۋان،
ھەمرايىم چاتاق سوز ئېرىپلەر ھامان.
ئىنساپ بەر، ئەي مەخپى ئىشنى بىلگۈچى!
قاۋاقتا مەن قىلاي مۇناجات بۇ ئان.

## 231

قۇرۇپسەن ھەر ياققا ئىككى يۈز قاپقان،
ئېيتىسەن يوقلىغۇر بۇڭا پۈت قويغان.
قاپقانغا كىمدە ـ كىم دەسسەپ تاشلىسا،
تۇتىسەن "ئاسى" دەپ، قىلىسەن گۇمران.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 232

بەھرام بۇ قەسرىدە ئىچكەن بىر زامان،
بۇگۈن ئۇ كېيىككە، تۈلكىگە ماكان...
ئۆلۈمگە ئوۋلاندى قۇلاندەك ئۆزى،
"بەھرام گور" بىر ئۆمۈر قۇلان ئوۋلىغان.

## 233

ئەي ساقى! گۈل-چىمەن نەشئەلىك بۇ ئان،
يەنە بىر ھەپتىدە بولغاي ئۇ، خازان.
مەي ئوتلا، گۈلنى تۇت، كوز يۇمۇپ-ئاچقىچە
گۈل تۇپراق بولىدۇ، كوكتاتلار سامان...

## 234

بىر رۇمكا مەي تەڭدۇر يۈزدەك دىن بىلەن،
بىر ئوتلام مەي تەڭدۇر مۈلكى چىن بىلەن.
دۇنيادا مەي دىگەن شۇنداق بىر ئاچچىق،
تەڭدۇر ئۇ جان ئاتلىق مىڭ شىرىن بىلەن.

## 235

ھەرقاچان كورۇنگەي باقسام بىر چىمەن،
كەۋسەردىن بىر ئىبرىق، جەننەتتىن گۇلشەن...
دوزاقتىن سوزلە ئاز، سەھرا بىھىشتۇر،
ئۇلتۇر بۇ بىھىشتا بىر بىھىش* بىلەن...

## 236

دىيىشەر: كورۇندى ماھى رامىزان**،
بۇ چاغدا قاۋاقنى چۇرگىلەش يامان...
ئۇنداقتا ئىچەيلى بارات ئېيىدا،
ئوتەيلى ھېيتقىچە كەيپ بولۇپ ياران!

## 237

ئاسمانغا زۇھرە قىز چىققاندىن بۇيان،
مەيدىن خوپ نەرسىنى كورمىدى ئىنسان.
كايىيمەن كوڭلۇمدە مەي ساتقۇچىغا،
مەي سىتىپ، نىمىنى ئالماقچى نادان؟

---

* بىھىش — جەننەت. بۇ سوز بۇ يەردە "جەننەت ھورلىرى" دىگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

** ماھى رامىزان — رامىزان ئېيى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

## 238

قوي ماگا سەن شاراپ، سوپ ـ سۇزۇك گۈلـگۈن،
توك ئۇلۇغ شىشىنىڭ بوغىزىدىن ساپ خۇن * ...
بىزگە يوق شۇ بۇگۈن جامۇ ـ مەيچىلىك ـــ
ياخشى دوست كوڭلى توز، يۈرىگى ئالتۇن.

## 239

مەي ـــ تىنىم قۇۋۋىتى، ئۇزۇقلۇغى جان،
ماگا ئۇ، كوپ مەخپى سىرلەرنى ئاچقان.
بىر يۇتۇم مەي ياخشى ئىككى دۇنيادىن،
مەندە يوق بۇنىڭدىن باشقا بىر ئارمان.

## 240

مەن ئولسەم يۇيۇڭلار مىنى مەي بىلەن،
ئوقۇڭلار ياخشى دەپ شىئىر، مەي دىگەن،
دىسەڭلار مەھشەردە مەن بىلەن بولاي،
مەيخانا ئىشىگىنىڭ توپرىغىدا مەن.

---

* خۇن ـــ قان. بۇ يەردە "شاراپ" مەنىسىدە قوللىنىلغان.

**241**

ئېرىگەن ياقۇت — مەي، شىشىسىدۇر كان،
جامىدۇر گويا تەن، مەي دىگەن بىر جان.
كۈمۈشتەك بىر جامكى شاراپتىن كۈلەر،
ياشتۇر ئۇ، شۇنىڭدا دىل قېنى پىنهان*.

**242**

ماختىدىم شاراپنى ئۆمۈر بويى مەن،
ئەتراپىم تولدى مەي سايىمنى بىلەن.
ئى زاھىت! بولسا گەر ئۇستازىڭ ئەقىل،
ئۇستازىڭ شاگىرتىم، كوپ ھولۇقما سەن!

**243**

ھالىمدىن ساڭا يار خەۋەر بېرىمەن،
بۇنى مەن ئىككى سوز بىلەن ئېيتىمەن:
ئىشقىڭدىن تۇپراققا كەتسەم مەن ئولۇپ،
مېھرىڭدىن تىرىلىپ قايتا چىقىمەن.

---

* پىنهان — يوشۇرۇن، يوشۇرۇنغان، بېكىنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 244

ئەجەلنىڭ يۈتىدا بولسام باش تووەن،
بىر قوشتەك قولىدا پارچىلانسامىمەن
توپامـدىن مەي ئۇچۇن شىشىلەر ياساڭ،
تىرىلەي بىر دەمگە مەي بويى بىلەن.

## 245

قانچىلىك يوقاتسام ئۆزەمنى، بارمەن،
قانچىلىك ياماشسام شۇنچە پەس خارمەن.
قىزىقكىم "بارلىق"نىڭ مەيدىن ئىچسپ،
قانچىلىك مەس بولـسام شۇنـچە ھوشيارمەن.

## 246

ئاچماقتا يول يوقتۇر سىرلەر پەردىسىن،
ھىچ خەۋەر تاپمىدى ھىچكىم بۇ ئىشتىن...
بىزگە يوق تۇپراقتىن باشـقا مەنزىلگاھ،
ۋادەرىخ! بۇ چوچەك ئۇزۇن ھەممـىدىن.

## 247

زىمىندە كورۇنگەن ھەر زەررە ياران!
بىر ۋاقىت ئىدى ئۇ ئاپتاپتەك جانان...
تۇپراقنى يۇزۇڭدىن ئاستىراق ئىرتقىن،
بىر گۇزەل يۇز ئىدى بىر چاغ بۇ-توزان.

## 248

شاتلىقنىڭ كىتابىن ئوقۇغىن ھامان،
دىلغا غەم دەرەختىن تىكمىگىن ياران!
شاراپ ئىچ، مەقسىدىڭ ئەيلىگىن ئىجرا،
دۇنيادا قانچە ۋاق تۇرمىغىڭ ئايان.

## 249

بىلەمسەن، تاڭ سەھەر خوراز ھەرقاچان
نىمىشقا قىچقىرىپ، ئەيلىگەي پىغان؟
ئۇ دەيدۇ: "ئومۇردىن بىر كېچە ئوتتى،
تاڭنىڭكى ئەينىگى ئوززە ئەي نادان!"

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 250

ئۇرۇغۇم تىكتىلەر يوقلۇق سۈيىدىن،
سالدى ئوت روھىمغا غەمنىڭ ئوتىدىن.
يۈرمەن شامالدەك شۇ تۈپراقىچە،
توپامنى ئالمىشلەر مەزكۇر توپىدىن.㉔

## 251

قورقىدۇ دىمىگىن مىنى جاھاندىن،
خەۋپىم يوق ئۆلۈمدىن، ئەسلا بىر جاندىن.
ئۆلمەكلىك — مۇقەررەر قورقسام، قورقمىسام،
قورقمەن پەس كۆڭگە ئۇچراپ قالغاندىن...

## 252

ئاغرىتما قولۇڭدىن كەلسە خەقنى سەن،
ئاچچىقلاپ ئالايما زەھەر كوز بىلەن.
رەنجىتمە ئەلنى ھىچ، رەنجىسەڭمۇ گەر،
شۇ پەقەت ئاسايىش* ئاچقۇچى دىگەن.

---

* ئاسايىش — ئامانلىق، خاتىرجەملىك.

## 253

مەس ئىدىم، كوزامنى ئۇردۇم تاشقا مەن،
ئۇ دىدى ئۇزگە خاس بىر خىل تىل بىلەن:
"هولۇقما، مەنمۇ هەم سەنــدەكلا ئىدىم،
سەنمۇ هەم مىنىڭدەك ئاخىر بولىسەن".

## 254

ئىچمىگىل بەك شالاق، بىئەقىل بىلەن،
بىشىڭنى ئاغرىتقاي ئۇنداقلار دىگەن...
تۇن بويى تۇغدۇرار مەس بولۇپ پاسات،
كەچۇر دەپ ئەتــسى سوزلەر مىڭ تۇمەن.

## 255

مەي بەرگىن ئەي ساقى، رەڭگى ئەرغۇان*،
قايغۇدىن تۇمشۇققا كەلدى چۇنــكى جان.
مەس بولۇپ ياتاي مەن تاكى بىخەۋەر —
ئۇزەمدىن، زاماندىن شۇنداق بىر زامان.

---

* ئەرغۇان — قىزىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلى ئادرېسى

256

يۇتۇم مەي مال ـ مۈلكى جاھاندىن بەلەن،
مەي كۈپـى سەرپۇشى * مىلك جاندىن بەلەن.
بىر مەسنىڭ ئاغزىنى ئېرتقان ياغلىغى
بەلكى مىلك رىداسى ** ئىشاندىن بەلەن.

257

جاھاندا ئەي باشلىق ھەممىگە پۈتۈن!
مەي بېرەر قايسى چاغ شاتلىق روھ ئۈچۈن؟
ــ يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيــشەنبە، چاھار،
پەيشەنبە، جۈمە ھەم شەنــبە ــ ھەممە كۈن.

258

قاۋاقتا ماڭا ئۇ دىلبەر كىچە ـ تۈن،
بىلدۈرمەك بولۇپ چىن قەلبىنى پۈتۈن،
تولدۇرۇپ بىر جامنى تۇتــتى، دىــدى: ئال!
دىسەم: ياق؛ دىدى: ئال! خاتىرىم ئۈچۈن...

---

* سەرپوش ــ ياپقۇچ.
** رىدا ــ ھاپىز، ئىشانلار بوينىغا سېلىۋالىدىغان رومال.

## 259

نەدە ئۇ لەۋلىرى ياقۇتتەك جانان؟
نەدە ئۇ زەۋقى جان، بويلىرى رەيھان؟
مۇسۇلمان يولىچە مەي هارام ئىكەن،
نەدە ئۇ، ئىچىۋە، جىگىراق مۇسۇلمان؟

## 260

ئەي كوكۈل تەل-توكۇس تەييارلىق شۇ ئان،
خوشاللىق باغلىرىڭ نىمەتتىن تولغان.
بۇ "بولۇش-بۇزۇلۇش" بەزمىسىدە كۇل،
ئىككى-ئۇچ كۇندىن سوڭ كوچىسەن كارۋان!

## 261

چاپاكار بۇ يەلەك، سىۋاپا دەۋران!
هىچ ئادەم مۇشكۇلىن قىلمىدى ئاسان...
دىلى داغ بىر كىشى كورسە هەر يەردە،
قويدى داغ ئۇستىگە قايتا داغ هامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 262

خوش كەلدىڭ، بۇ كەلگەن سۆيگۈ جان سەنمۇ؟
پۇتمىدىم كەلسەڭمۇ، بۇ جانان سەنمۇ؟
مەن ئۇچۇن بىر ئىچكىن، نە تەڭرى ئۇچۇن،
شۇنداق ئىچ، بىلەلمەي، شۇ تۇرغان سەنمۇ؟...

## 263

بۇ جاھان بولۇشتىن مەقسەت بىز ئۆزى،
ئەقىل كۆزى گوھىرى پەقەت بىز ئۆزى.
يۇمۇلاق دۇنيانى بىر ئۈزۈك دېسەك،
ئۇنىڭغا قويغان كۆز، زىننەت بىز ئۆزى.

## 264

تاك يورۇپ يېرتىلدى تۈننىڭ ئىتىگى،
قوپ ئىچكىن! بولمىغىن غەمنىڭ كېتىگى*...
ئىچىۋال، تاك يورۇپ كوپ باقار بىزگە،
بىز ئۇ چاغ، تۇپراقنىڭ پايى ـ پېتىگى...

---

* كېتەك ــ توخىنىڭ كاتىگى. بۇ يەردە غەم ـ قايغۇنىڭ ماكانى دېگەن مەنىدە.

## 265

ئولۇكنى، تىرىكنى سەن باشقۇرغۇچى،
بۇ چەرخى پەلەكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى...
مەن يامان بولسامۇ، مەندە نىمە ئەيىپ؟
شۇنداق بىر يامانىنى سەن، ياراتقۇچى!

## 266

ئادەم بىر شىشىدەك، جان ئۇنىڭدا مەي،
ئادەم بىر نەي بولسا، جان ساداسى نەي-
بىلەمسەن ئادەمنى، نىمە ئۇ، ھەييام؟
بىر خىيال پانۇسى، ساڭا دەپ بېرەي.

## 267

ھەسسەمگە چۈشۈپتۇ مەي ئىچىش ئىشى-
نى ئۇچۇن كىشىنىڭ تەنە قىلمىشى؟
قىلسا مەس ئىنسانىنى ھەر ھارام نەرسە،
كورمەيتتىم دۇنيادا بىر ھۇشيار كىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

**268**

بولسۇن بەك پەيزىلىك سوھبەت بىزدىكى،
ئۆرتەنسۇن زاھىتنىڭ تەقۋا ئىتىگى...
قۇراق تون، ساماۋى سەللەر بولسۇن،
هاراقخور پۇتىنىڭ بىر كىگىز چىگى.

**269**

ئەي شاراپ! تۇت يارنىڭ قىزىل لېۋىنى،
تاپتىڭ سەن ئاجايىپ ئىشنىڭ ئېپىنى...
سۇيدى مەي قەدەھنىڭ ئالتۇن لېۋىگە،
ئاققۇزغاچ بۇ يولدا يۈرەك قېنىنى.

**270**

ۋاي ئىست، يۈرەككە دەرمان يەتمىدى،
چىقتى جان، جانانغا بۇ جان يەتمىدى.
يەتتى مەن بىخەۋەر ئۇمرۇمگە پايان *،
ۋە لېكىن ئىشقىمغا پايان يەتمىدى.

---

* پايان ــ ئاخىر، ئاخىرلاشماق، تۈگىمەك، تامام بولماق.

## 271

پەخرىمدۇر مەيخانا، ئەھلىدۇر ئەھلى،
چوڭقۇرراق قارىساڭ كىچىكتۇر سەھۋى.
ياخشى قەلب يېتىشمەس مەدرىسەگدىن ھىچ،
يىقىلسۇن بۇ ماكان — سارايى جەھلى.

## 272

مەى ئىچسەم تونىشار بەزىلەر مېنى،
ئېيتىشار: مەي دىنگەن دىنىنىڭ دۈشمىنى.
دىنىنىڭ ئۇ دۈشمىنى بولسا، مەي ئىچەي،
ئەلۋەتتە ھالالدۇر دۈشمەنىنىڭ قېنى...

## 273

بىر قاداق شاراپتىن جامىنى تولدۇراي،
شۇ يوسۇن ئىككى جام مەيدىن باي بولاي.
ئاۋال دىن، سىزىمنى قىلىپ ئۈچ تالاق،
ئۆيلىنەي ئۈزۈمنىڭ قىزىنى* ئالاي.

---

* ئۈزۈمنىڭ قىزى — مەي، مۇسەللەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 274

بىرىلمىش بۇ قەدەر ماڭا رەڭگى-رويى،
لالىدەك گۈزەل يۈز، گويا سەرۋى* بويى.
بىلمىدىم نەققاشىم مېنى بۇنچىلا
نى ئۈچۈن ياساپتۇ؟ مەجھۇل مۇشۇ ئويى.

## 275

تامادىن دۇنياغا كوز تىككەن كىشى!
ئويلامسەن جاھاندىن كوچمەكلىك ئىشى؟
ھۇشۇڭ تاپ، ئاخىرقى ھالىڭغا قارا،
نە بولدى باشقىغا پەلەك قىلمىشى؟

## 276

شەۋكىتى خاقانىنى، "كەي" نىڭ** تاجىنى،
مەن ساتاي مەي ئۈچۈن سەللە شايىنى...
مەككارلىق ئەلچىسى تەسۋى دېگەن ئۇ،
مەن ساتاي مەي ئۈچۈن شۇ دەسمايىنى.

---

* سەرۋى — ئارچا دەرىخى. بۇ يەردە "كېلىشكەن"، "ئوسكىلەڭ"، "گۈزەل" مەنىسىدە قوللىنىلغان.

** "كەي" — كەيقۇ باد، كەيخسراۋ نامىلىق پادىشالارغا ئىشارەت.

## 277

تاڭ سەھەر ۋاقتىدۇر قىل خورۇش ساقى!
تەيياردۇر مەي، قاۋاق، مەيپۇرۇش ساقى!
بۇ ئەمەس نامازدىن سوز ئىچىش يىرى،
قوي تەقۋا * گىپىنى، ئەيلەنۇش ** ساقى!

## 278

ئاتتى تاڭ، بىر رۇمكا شاراپ ئىچىلى،
ئۇياتنىڭ شىشەسىن تاشقا ئۇرىلى،
ۋازكىچىپ ھەل بولماس ئارزۇدىن بىز،
ساز بىلەن بىر سۇمبۇل چاچنى تۇتىلى.

## 279

بۇ ۋاقىت گۇل پەسلى، ئەركىمچە يۇرەي،
شەرئىدە توسقاننى مەن قىلىپ كورەي،
لالە يۇز گۇزەللەر بىلەن نەچچە كۇن،
رەڭگىمنى لالەدەك قىلىپ چورگىلەي.

---

* تەقۋا — تەركى دۇنيا ئادەم.
** نۇش — ئىچمەك.

**280**

گۇل ئۇزرە بۇلۇتتىن نىقاپ بار تېخى،
يۇرەكتە بىر مېھرى شاراپ بار تېخى.
كەتمە يار،ئۇخلاشنىڭ ۋاقتى بولمىدى،
ئىچ شاراپ، ئۇپۇقتا ئاپتاپ بار تېخى.

**281**

كەتكەندىن بىرسى ھەم قايتىپ كەلمىدى،
پەردىنىڭ كەينىدىن ئۇ سۆزلەر ئىدى:
ئىش پۈتەر نىيازدىن، نامازدىن ئەمەس،
كىم يالغان نامازنى پايدىلىق دىدى؟

**282**

خالىسام نىمىنى، خالىماس تەڭرى،
شۇ سەۋەپ خالىغان نەرسەم ناتوغرى.
خاھىشى ئۇنىڭكى توغرا دىگەندە،
خاھىشىم مېنىڭكى بولىدۇ ئەگرى.

## 283

دىمىگەن كىشىمىنىڭ بەلكى ياخشىسى،
ئەقىلگە سەرمايە مۇشۇ ئىككىسى:
ھەر ئاشىنى يىيىشتىن، يىمىگەن تۇزۇك،
بولمىسۇن، بولغاندىن ئۇلپەت ئەسكىسى.

## 284

مەن كوردۇم زىمىندا ئۇخلىغانلارنى،
زىمىننىڭ ئاستىدا بوككەن جانلارنى.
مەن كوردۇم يوقلۇقنىڭ سەھراسىدا دەل،
كەلمىگەن ھەم كېلىپ خوشلاشقانلارنى.

## 285

ئەي سەنەم! قايسى قول ياسىدى سېنى،
چىرىيىڭ چۇشۇردى ئاينىڭ نەرقىنى...
كەلسە ھېيت، گۇزەللەر ھوسنىنى بىزەر،
بىزەرسەن يۇزۇڭدىن ھېيتنىڭ ھوسنىنى.

www.uyghurkitap.com

## 286

ئۆتتى بۇ ئۈچ كۈنلۈك ئۆمۈر نوۋىتى،
ئۆتكەندەك چول-دەشتىن بىر شامال پېتى.
مەندە بار شۇ چاقتا ئىككى كۈن غېمى،
"تۇنۇگۈن" ھەم "ئەتە" شۇ كۈنلەر ئېتى.

## 287

دەسسىگەن تۇپرىغىن ئويلىماس كىشى،
بىر گۈزەل چېچى ئۇ، بىر نىگار قېشى...
تۇرۇشقان زور بىنا، راۋاقتىكى خىش
بىر ۋەزىر بارمىغى، بىر شاھنىڭ بېشى.

## 288

كۈن ۋە تۈن بەك نۇرغۇن دەۋرى ئەيلىدى،
بۇ پەلەك بىراق ھېچ بىكار ئۆتمىدى...
ئاستا باس پۇتۇڭنى تۇپراق ئۈستىگە،
بۇ تۇپراق بىر چاغ بىر خۇماكوز ئىدى.

## 289

كەئبە ھەم بۇتخانا ـ قۇللۇق خانىسى،
داڭ ئۇرۇش ـ گويا بىر قۇللۇق نەغمىسى.
مىھراپ ھەم، چېركاۋ ھەم، تەسۋى ھەم، كىرىست،
ھەر بىرسى بىردىن ـ بىر قۇللۇق بەلگىسى.[25]

## 290

ئۇلار كىم كېتىشتى بىزدىن ئىلگىرى،
تۇپراقتا ئۇخلىدى، قالماستىن بىرى...
ئىچ شاراپ! راست گەپنى مەندىن ئاڭلىغىن،
بۇ ھەقتە بەزىنىڭ يەلدەك گەپلىرى.

## 291

تونۇماس جا سوپى كەرەم لوتپىنى،
تونۇماس بىگانە، دوست كەبى سېنى.
ئېيتسەن دوزاق بار ئىشلىسەڭ گۇنا،
ئېيت سېنى ئۇقماسقا بۇنداق گەپلىنى!

## 292

بولسا ھەر كىشىنىڭ بىر پۇچۇق نېنى،
پاتقۇدەك ماكانى با ـــ شۇ ھەم تېنى.
ھېچكىمگە بولمىسا ياقۇل، يا خوجا،
دۇنيادا بەختلىك سانىغىن سەن شۇنى.

## 293

بىلگەندە بۇ كوڭۇل ھايات ھالىنى،
بىلەتتى ئۆلۈمنىڭ كارى ـ بارىنى.
بىلمەيسەن جېنىڭدىن كەچمەي ھېچنىمە،
ئۆلگەندە بىلىسەن "بارلىق * " سىرىنى.

## 294

كىيەيلى باشقا بىز، يۇر قاۋاقسېرى،
قىزىتىپ قاۋاقتا ئىچىش ئىشلىرى...
سەللە ھەم كىتاپنى مەي ئۈچۈن سېتىپ،
چىقايلى مەدرىستىن، قالسۇن ئۇ نېرى.

---

* "بارلىق" ـــ بۇ يەردە "خۇدا" مەنىسىدە.

## 295

ئەسكىگە ئېيتمىغىن، ساقلىغىن سىرنى،
بىر قاراپ كوزىگە، بىل مۇغەمبەرنى...
كىشى ئوز جېنىغا نى قىلغانغا باق،
يوشۇرۇن ئىپلاستىن تۇتمىغىن پىرنى...

## 296

چۇشۇمدە ماڭا بىر دانىشمەن دىدى:
ئۇيقۇدا بەختتىن گۇل ئېچىلمىدى،
سەن نىچۇن ئولۇمدەك بىر ئىش بىرلە بەنت؟
ئىچ شاراپ! ئۇخلايسەن يەردە ئەبىدى.

## 297

بۇ ئورتەك، ”ئالەم“ دەپ ئاتالمىش ئېتى،
كۇن ۋە تۇن—ئاق، قارا ئاتلار مەنزىلى،
نەچچە يۇز جەمشىتتىن قالغان بەزمە بۇ،
قانچە يۇز بەھرامنىڭ بۇ قونالغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى ئادرېسى

## 298

ئۇچۇرگەي ئىسمىمىز ئومۇر دەپتىرى،
بىر زامان يوق ئېتەر ئەجەل قوللىرى.
ئەي گۈزەل، شاراپ بەر، بەك گۈزەل، گۈزەل،
تۇپراققا ئايلانغاي ھەممە ياش-قېرى.

## 299

قولۇمدا بولسۇن ئۇ ئۈزۈم شەربىتى،
بېشىمدا بولسۇن ئۇ يار مۇھەببىتى.
دېيىشەر ھەق ساڭا تۇۋا بەرسۇن كوپ،
بەرسە ھەم يوق ئاڭا كۆڭلۈم رىغبىتى.

## 300

ياراldىم رازىلىق بۇڭا يوق ئىدى،
ھاياتتا پەقەتلام ھەيرىتىم* ئارتتى...
يەنە مەن نارازى قايتتىم، بىلمىدىم:
كەلمەك ھەم، تۇرماق ھەم، ياناماق مەقسىدى.

---

* ھەيرەت — ھەيرانلىق، ھاياجان، قىزىقىش.

# ئىلاۋە

① ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىكى "مەي"، "قاۋاق" — ئادەتتىكى ھاراق - شاراپ ۋە ئادەتتىكى "قاۋاق"، "مەيخانا" ئەمەس. ئۇ مەي، مەيخانا دېگەن سۆزلەرنى ئۆز مۇقامىغا كۆرە تۈرلۈك مەنىدە ئىشلىتىدۇ. شائىرلارنىڭ "ياز" دېگىنىدىن قىز - خانىملارنىلا، "مۇھەببەت" دېگىنىدىن ئايالغا بولغان مۇھەببەتنىلا چۈشىنىش ناھايىتى ساددىلىق بولغىنىدەك، ئۆمەر ھەييامنىڭ "مەي"، "مەيخانا"لىرىدىن نوقۇل ھاراق، ھاراقخانىنىلا چۈشىنىش تولىمۇ ساددىلىق بولىدۇ.

شېرىيەت ۋاستىسى قىلىپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆز رۇبائىيلىرىدا كۆپرەك "مەي" بىلەن سۆزلىگەنلىكىنى كۆرگەن ئۆمەر ھەييامنى بەزىلەرنىڭ، مەيگە بەك ئامراق كىشى بولسا كېرەك، دېگىنىنى ئاڭلايمىز. بىراق ياۋروپادىكى چوڭ ئەدىب - تارىخچىلار ئۆمەر ھەييامنىڭ ئۆز ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ھاراق ئىچىپ باققان شەخس ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۆمەر ھەييام بۇ رۇبائىيسىدا ئۆز ئىداسىنى (چاقىرىغىنى) قاۋاقتىن چىققان قىلىپ ئاڭلىتىپ، كىشىلەرگە كۆڭلى مەنىسىز ئۆتكۈزۈلىدىغان غەپلەت ئۇيقۇسىدىن قوپۇشنى، كۆزنىڭ جامىغا (كۆزنىڭ چانىغىغا) توپا تولۇشتىن يەنى ئۆلۈشتىن بۇرۇن قەدەھنى مەي بىلەن تولدۇرۇش (ئۆمۈر جامىنى مەقسەت شارابى بىلەن تولدۇرۇش) لازىملىقىنى ئېيتىدۇ.

② شائىر بۇ رۇبائىيسىدا نادان خەلق ئاغزىدىكى "ئاسماندا پەرۋىن ئاتلىق بىر ئۆكۈز بار، يەرنىڭ تېگىدە يەرنى كۆتىرىپ تۇرىدىغان يەنە بىر ئۆكۈز بار" دېگەن ئەپسانە رىۋايەتلىرىگە قارشى ھالدا، دۇنيانى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەنە شۇنداق ناتوغرا چۈشەنچىدىكى كىشىلەرگە، ئاچكۆز ئەمەلدارلارغا "شۇ ئىككى ئوكۇز ئارىسىدا تېپىشىۋاتقان ئېشەكلەر" دەپ تەنە قىلىدۇ.

③ تۇس — ئەسلى قەدىمقى زاماندا ئىراندا ئۆتكەن بىر ئەسكەر باشلىغىنىڭ ئىسمى. ئۇ بۇرۇن ئىراندا ئۆتكەن "پىشى دادىيان" (ئەڭ ئاۋال ئادالەت بەرپا قىلغۇچىلار) دېيىلگەن ھۆكۈمرانلار سۇلالىسىنىڭ 10-ھۆكۈمدارى بولغان "نوزەر" ئىسىملىك پادىشاھنىڭ ئوغلى تۇس بىننى نوزەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاتىسى نوزەر قەدىمقى تۇران پادىشاسى "ئەپراسىياپ" تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. تۇس — بۇ يەردە ئەنە شۇ ئەسكەر باشلىغى تۇس تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەرنىڭ نامى. بۇرۇنقى ئىران-تۇران سوقۇشلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان مەشھۇر «شاھنامە» كىتاۋىنىڭ ئاپتورى شائىر ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى ئەنە شۇ تۇس شەھىرلىك ئىدى.

كاۋۇس (ياكى كەيكاۋۇس) — بۇرۇن ئىراندا ئۆتكەن "كىيانىيان" (كايان پادىشالىرى) سۇلالىسىنىڭ 2-ھۆكۈمدارىنىڭ ئىسمى. تارىختىكى ئىران-تۇران سوقۇشى مۇشۇ ھۆكۈمدارنىڭ دەۋرىدە بولغان. «شاھنامە»نىڭ قەھرىمانى رۇستەم — مۇشۇ ھۆكۈمدارنىڭ باش پەھلىۋانى ئىدى.

④ پارسچە "كىجا" دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولغان "گوگو-گوگو" دېگەن ئىبارە "نەدە، نەدە؟" دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شائىر بۇ يەردە پاختەكنىڭ شۇنداق دېيىشىنى گويا ھەر بىر شاھ-گادايى، چوڭ-كىچىك جان ئىگىسىگە "پالانچى نەگە كەتتى؟ پۇستانچى نەدە؟" دېگەن سوئالىنى بېرىۋاتقاندەك سەزدۈرۈپ، "سەنمۇ بۇ يەردە تۇرۇۋەرمەيسەن، ئومرۇڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، ھاياتىڭنى ياخشى پايدىلان" دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى بېرىدۇ.

⑤ شائىر بۇ رۇبائىيسىدا ناماز، روزا ئۈستىدە يۇمۇرىستىك خاراكتېردا كۈلۈپ: تەبىستىم ناماز، روزا قاتارلىقلارغا مايىل بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزەمچە، ناھايىتى زور مەقسىدىم ھاسىل بولدى دەپ ئويلىغان

ئىدىم؛ مەن شۇنچە ئۇلۇغ كورگەن نامازنى ناھايەت بىر "يەل"، شۇنچە مۇقەددەس بىلگەن روزىنى ناھايەت يېرىم يۇتۇم ھاراق بۇزۇۋەتتى دەپ، شۇنچە چوڭ كورگەن نەرسىلىرىنىڭ ئانچىكىم بىرنىمىلەر تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ، ۋەيران بولغانلىقىغا ئەجەپلىنىپ كۇلىدۇ.

⑥ ئومەر ھەييام تولا چاغلاردا باشقىلارنىڭ نالايىق ئىشلىرىنى پاش قىلماقچى ۋە ئەيىپلىمەكچى بولسا، ئۆز شېئىرلىرىدا گويا شۇ نالايىق ئىشنى ئۆزى قىلغان تەرزدە ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئىستىھزا بىلەن كۇلىدۇ. بۇ، ئەدەبىياتتىكى غايەت ئەپچىل ماھارەت بولۇپ، بۇ رۇبائى ئەنە شۇ ماھارەتنىڭ نەمۇنىسى. شائىر بۇ رۇبائىدا كورۇنۇشتە ئۆزىنى مېچىتكە نەزرە-نۇزرەتنىماراپ بارىدىغان، جايناماز ئوغرىلايدىغان ئوغرى دىگەن بولۇپ، ئاستىرتىن گەپنى كىشلەرنىڭ كوزىگە ناماز خان، تەقۋادار ئادەم كورۇنىدىغان، پەيتى كەلسە ھەرقانداق نەپسانىيەتچىلىكتىن يانمايدىغان رىياكار-ساختىپەزلەرگە دارىتىدۇ ۋە ئۇلارنى كېلىشتۇرۇپ سوقىدۇ.

⑦ شائىر بۇ رۇبائىسىدىكى "جىگىرىمىزنى كاۋاپ قىلماي تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ تۇزىغا نان توگۇرمىدۇق" دىگەن مىسرالاردا قان-تەردىمىزنى توكمەي تۇرۇپ، ھەرگىز باكىرىغا يۇگۇرمىدۇق، باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنمىدۇق دەيدۇ؛ بۇ يەردە ئۇزدىنىڭ ئىززەت نەپسىنى ساقلاشنى بىلىدىغان ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنى باشقىلارنىڭ ئەمگىگى ھىساۋىغا ئۇزۇقلىنىشنى نومۇس دەپ بىلىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

⑧ "ئابى ھايات" (ياكى ئابى ھايىۋان): لۇغەت مەنىسى — ھاياتلىق سۇيى، ھايات تۇرغۇزىدىغان سۇ. ئەپسانىۋى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، "ئابى ھايات" — ئاجايىپ خىسلەتلىك بىر سۇ بولۇپ، ئۇنى ئىچكەن كىشى ئولمەي، مەڭگۇ ھايات تۇرارمىش. "ئابى ھايات" بۇلىغى بولسا ئىنساننىڭ قەدىمى يېتىش مۇشكۇل بولغان بىر قاراڭغۇ-زۇلمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىچىدىمىش.

⑨ ئارىستو (ئارىستوتىل) — يېڭى ئېرادىن ئاۋالقى 384 - يىلدا تۇغۇلۇپ، 322 - يىلىدا ۋاپات بولغان. ئۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىملىك ئادەم بولغانلىقى ۋە چوڭ ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىپ قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن قەدىمقى زاماننىڭ ئاتاقلىق دانىشمەنى دەپ ئاتالغان.

جۇمھۇر (بۇزرى جۇمھۇر) — ئىراننىڭ ساسانىيان دېيىلگەن ھوكۇمدارلىرى سۇلالىسىدىن "كىسرا" نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدىغان نۇشىر-ۋان ئاتلىق شاھنىڭ ۋەزىرى. ئۇ خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر ۋەزىر بولۇپ، تارىخلاردا نۇشىرۋان ئادالەتپەرۋەرلىكىنى تەرغىپ قىلغۇچى "ئادىل" دەپ تەرىپلىنىدۇ.

قەدىمقى زاماندا رىم پادىشاسى "قەيسەر" دەپ ئاتالغان.

پەغپۇر — جۇڭگونىڭ بۇرۇنقى خانلىرىدىن بىرى بولۇپ، "پەغپۇر چىن" دېيىلگەن.

جەمشىت — بۇرۇنقى ئىران پادىشاسى.

بەھرام گور — بۇرۇنقى ئىراننىڭ "ساسانىيان" سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن بىرى. ئۇ ياۋا ئېشەك ئوۋلايدىغان ۋە شۇنىڭغا ماھىر بولغاشقا "بەھرام گور" دەپ ئاتالغان. "گور"نىڭ ئىككى مەنىسى بولۇپ، بىرى — ياۋا ئېشەك، يەنە بىرى — قەۋرە. شائىر بۇ رۇبا-ئىيسىدا بەھرام "گورنى (ياۋا ئېشەكنى) ئوۋلىغان ئىدى، بەھرامنى گور (قەۋرە) ئوۋلىدى" دەپ سوز ئويۇنى قىلىدۇ.

⑩ "خىسراۋ" (ياكى كەيخىسراۋ) — بۇرۇنقى ئىران كىيانىيان (كايان پادىشالىرى) سۇلالىسىنىڭ 3 - ھوكۇمدارى.

پەرىدون — "پىشى دادىيان" سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن بىرى.

⑪ شائىر بۇ رۇبائىيسىدا "جەننەت، دوزاق دېگەنلەر باشقا يەردە مەۋجۇت ئەمەس؛ ئەگەر مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇ ئوزەڭدە" دېگەن مەنانى ئاڭلىتىدۇ. يەنى: جەننىتى پىردەۋس دېگىنى — شاتلىق چاغلىرىمىزدىن بىر نەپەس ۋاقتىنىڭ ئوزى شۇ؛ دوزاق دېگىنى —

بىھۇدە چەككەن رەنجى ـ ئەلەملىرىمىزدىن بىر ئۇچقۇننىڭ ئوزى شۇ: "جەننەت" تەلپۈندە بولساڭ، ۋاقتىڭنى خوشال تۇت، دوزاقتىن قورقساڭ، غەم قايغۇدىن يىراق بول، دەيدۇ.

⑫ بۇ رۇبائىنىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ مىسراسى قۇرئاننىڭ "بەقەر" ناملىق سۇرىسىدىكى 34 ـ ئايەتكە قارىتا ئېيتىلغان. شۇ ئايەتنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق: "بىز پەرىشتىلەرگە 'ئادەم'گە سەجدە قىلىڭلار دېگەن ئىدۇق، ئۇلار سەجدە قىلىشتى؛ پەقەت شەيتان سەجدە قىلغىلى ئۇنىمىدى......" ئومەر ھەييام بۇ يەردە يۇمۇرىستىك كىنايە بىلەن مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر شەيتان بىر قېتىم مەي ئوتلىغان بولسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى بولغان ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بىر ئەمەس، ئىككى مىڭ قېتىم سەجدە قىلغان بولاتتى؛ مەي ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇغىنىڭ، مەنمەنلىگىنىڭ دورىسى ئىدى، مەي ئۇنىڭ دوتلۇك، قاتماللىق مۇجەزىنى ئوزگەرتىپ، مۇلايىملاشتۇراتتى.

⑬ شائىر بۇ رۇبائىسىدا، دوستنى كوپەيتىش، دۇشمەننى ئازايتىش دېگەن مەشھۇر ئىستراتېگىيىلىك پىكىرنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ياخشىلىق قىلىپ، دوستۇڭنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇر، دۇشمىنىڭنى دوستقا ئايلاندۇر دېمەكچى. بۇ ھەقتە بۈيۈك شائىر خوجا ھاپىزنىڭ مۇنداق بىر شېئرى ئومەر ھەييامنىڭ شۇ نۇقتىنەزىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ:

"گەر ئىزلىسەڭ ئاسايىش،
ئىككى جاھاندا يول بۇ:
دوستۇڭغا قىل مۇرۇۋۋەت،
دۇشمەنگە قىل مادارا......"

⑭ شائىر بۇ رۇبائىدىكى مەنتىقىنى ئىسلام دىنىغا ئىمان كەلتۈرۈش (ئىشەنچ بىلدۈرۈش)نىڭ 6 ـ نۇقتىسى بولغان "ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللانىڭ تەقدىرىدىن بولىدۇ" دېگەن سوزگە قاراتقان. ئەگەر، ـــ دېمەكچى ئۇ ئوز مەنتىقىدە، ـــ ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللانىڭ ھوكمى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بولىدىكەن، ئۇ هالدا، مېنىڭ ياخشىلىق تەرەپكە مېڭىشىم ئاللانىڭ هوكمى بىلەن بولغاندەك، يامانلىق تەرەپكە مېڭىشىمۇ ئاللانىڭ هوكمى بىلەن بولغان بولىدۇ؛ ئاللا ئۆز هوكمى بىلەن مېنىڭ قىلغان يامانلىقىم، گۇنايىم ئۈچۈن مېنى جازالىسا، بۇ قانداق توغرا بولىدۇ؟!

⑮ "ئادىمى ئابى" دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى — "سۇ ئادىمى" دېمەكتۇر. بۇنى بەزى ئەپسانىلەردە "سۇ پەرىسى" دەپمۇ ئاتايدۇ. ئېيتىلىشىچە، "ئادىمى ئابى"نىڭ بېلىنىڭ يۇقۇرىسى ئادەمگە، بېلىنىڭ تۆۋىنى بېلىققا ئوخشايمىش، بۇ يەردە شائىر كۆزىدىن ئاققان ياشنى مۇبالىغە قىلىپ (شېئىرنى بالاغەتكە كۆتىرىپ)، ئۇنى ئەگەر سۇ پەرىسى بولماي، ئادەتتىكى ئادەم چۈشسە غەرق بولۇپ كېتىدىغان كاتتا دەريا دەپ سۈرەتلەيدۇ.

⑯ بۇ رۇبائىدىكى "بىز بولساق دوستى — يەتتى مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن 'كىشى'نىڭ" دېگەن ئىبارە توغرىسىدا، گو موروو مۇنداق ئىزاهلايدۇ: "ئىبدىسون خانىمنىڭ شەرھلىشىچە، ئۆمەر هەييام دەۋرىدە پارسلار يەر شارىنىڭ يېشىنى يەتتى مىڭ يىل دەپ هىساپلايتتى".

⑰ مەريەم ۋە مەريەمنىڭ ناشتىسى: رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مەريەم — هەزرىتى ئەيسانىڭ ئانىسى؛ ئۇ ئەرسىز هامىلدار بولغانلىقىنى يوشۇرۇش نىيىتىدە، ئەينى چاغدا شەرقنىڭ ئادەم ئايىغى يەتمەيدىغان بىر يېرىگە كەتكەن، مەقسىدى ئاچلىقتىن ئۆلۈش ئىدى. شۇ يەردە ئۇنىڭ تۇغۇتى قىستىغان. شۇ چاغدا جەبرائىل ناملىق پەرىشتە بىر مۆلىك دەرەخنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ شىرىن مېۋىسىگە تەكلىپ قىلغان. مانا شۇ مۆهىم پەيتتىكى يېمەكلىك بەكمۇ قەدىرلىك "مەريەم ناشتىسى" دەپ ئاتالغان.

بۇسەئىد — بۇرۇنقى ئاتاقلىق بىر زاهىتنىڭ نامى بولۇپ، ئۇبۇلخەيرى دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئەبۇسەئىد.

ئەدهەم — ئىبراهىم ئەدهەم ئىسمى بىلەن مەشهۇر بولۇپ،

ئۆز زامانىسىدا "ئەۋلىيا" ئاتىلاتتى.

18 ئۆمەر ھەييام بۇ يەردە: مەن شاراپ ئىچسەممۇ، قولۇمنى رومكىدىن باشقا نەرسىگە ئۇزاتمايمەن، يەنى خىيانەتكارلىق، تاماخورلۇق ھەركەتلىرىدە بولمايمەن، دەيدۇ. دېمەك ئۇ تىغنىڭ ئۇچىنى نەزرە-نۇزرەت، خەيرى-ساخاۋەت، ئىسقات-سالات تاماسىدا بولىدىغان قىزىلكوز، ئالدامچى دۇئاكۇيلارغا، بىرەر ئېھتىياج يۈزىسىدىن ھاجەت-مەن بولغانلارنى ھەدىيە-سوغات، چاي-زىياپەت، پارا-مارا بېرىشكە قىستايدىغان، پەيتىنى تاپسىلا قاقتى-سوقتى قىلىپ قان شورايدىغان مۇستەبىت ئەمەلدارلارغا قارىتىدۇ. ئۇ: گەرچە رومكىغا قول سوزۇش ياخشى ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما كىشىلەرگە ئاشۇنداق تاماقولىنى سوزغاندىن تۈزۈكرەك، دېمەكچى.

19 ئۆمەر ھەييام بۇ رۇبائىيسىدا ئىسلام شەرىئىتىدە ھاراق-شاراپنىڭ ھارام قىلىنىش سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ، ئەينى زاماندا مۇسۇل-مانلىقنى قوبۇل قىلغان ئەرەبلەر ئارىسىدا ئۆتكەن بىر ھېكايە-ئارقىلىق كۆلىدۇ. ھېكايە مۇنداق: ئۇ زاماندا ئەرەبلەردىن بىرسى قاتتىق ئىچىپ مەس بولۇش ئارقىسىدا "ھەمزە" ئاتلىق ئەرەبنىڭ (بەلكىم بۇ ھەزرىتى مۇھەممەتنىڭ تاغىسى ئىمىر ھەمزە بولۇشى مۇمكىن) توگىسىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇنغان ئىكەن. ئاللا بۇ ئەرەبنى "ھاراق ئىچىپ ئىنتىزامنى بۇزدى" دەپ ئەيىبلەپ، شاراپ ئىچىشنى ھارام قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مەي مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ شەرىئى-تىدە ھارام دېيىلگەن ئىكەن. بۇ ھەقتە ھەكىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ پارىسچە 4 قۇر شېئىرى بار، تەرجىمىسى مۇنداق: "ئاللا مەينى ھارام قىلدى، چۈنكى ئەرەبلەر ئۇنى قالايمىقان ئىچىپ، ئىنتىزامسىز بولغان ئىدى، ئەجەم خەلقى بۇ ھەقتە ئەرەبلەردىن شىكايەت قىلىشقا ھەقلىقكى، ئەرەبلەرنىڭ مىڭىسى قۇرۇق (سەۋدا مىجەز) بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەجەم خەلقى قۇرۇق ئېغىز (كالپۇكنى شاراپ بىلەن نەمدىيەلمەيدىغان) بولۇپ قالدى."

www.uyghurkitap.com

⑳ ئومەر ھەييام بۇ يەردە گويا ئۆزىنى ئۆزى پاش قىلغان، تەنقىت
قىلغان بىر ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئاغزىدا
مۇسۇلمانلىق دەۋاسىنى قىلىسمۇ، ئەمەلىي ھەركىتىدە يا مۇسۇلمانغا،
يا كاپىرغا ئوخشىمايدىغان ئادەملەر ئۈستىدىن زاڭلىق قىلىپ كۈلىدۇ.
ئۇنىڭ "بىر قولۇمدا قۇرئان، بىر قولۇمدا رومكا، گايىدا ھالال
ئادەممەن، گايىدا ھارام" دىگەنلىگى مىنىڭ مەزمۇنۇم راستلىق ۋە
يالغانلىق بىلەن، ئەسكىلىك ۋە ئوبدانلىق بىلەن ئارىلاش ـ مۇجمەل
دىگەنلىگىدۇر. ئۇ خاراكتىرى ھالال ۋە ھاراملىق، جالىق ۋە جىڭلىق
ئارىلاش ئادەم تىپىنى باھالاپ، ئۇنداق ئادەمنى ئىككى يۈزلىمە
دەيدۇ. رىيال جەمىيەتتە ئىدىيالىستلار ئىچىدىمۇ، ماتىرىيالىستلار
ئىچىدىمۇ ئۆز مەسلىگىدە ساپ بولمىغان "دۇئالىستلار" يوق ئەمەس،
ئومەر ھەييام بۇ رۇبائىسىدا ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە دارىتىدۇ.

㉑ شائىر بۇ يەردە: تىرىكلىك چىغىمدىكى ۋاقىتلارنى بىھۇدە زايە قىلىد-
ۋەتمىدىم، بىر قىسمىنى كىرەكلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا ئاجراتتىم.
تۈپرىغىم غەلۋىر ئىچىدە تاسقىلىشتىن ئىلگىرى يەنى ئۆلۈشتىن
ئىلگىرى مەن ئۆزەم دادىل تۇرۇپ، كائىناتنى غەلۋىرگە سىپلىپ
تاسقىدىم، ھاياتنى تەكشۈردۈم ۋە دۇنيادىكى خاتا، توغرىنى ئايرىشقا
تىرىشتىم، دەيدۇ. بۇ، شائىرنىڭ ئۆز ئۆمۈر تارىخىدىن چىقارغان
يەكۈنى بولۇپ، ھەركىمنى "مەن دۇنياغا كىلىپ نىمە قىلدىم؟" دەپ
ئويلىنىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

㉒ جەمشىتنىڭ جامى ــ رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ جام يەتتە ئاسمان،
يەتتە يۇلتۇز، يەتتە دېڭىزدىن بىشارەت بىرەرمىش، كىمكى بۇ جامنى
قولىغا ئالسا، خۇددى جاھاننىما (جاھاننى كورسەتكۈچى ئەينەك)نى
قولىغا ئالغاندەك، ئوتمۇشنى، ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى كورەرمىش.

㉓ جەمىيەتتە بىر گۇرۇھ ئادەم دىن ۋە مەزھەپ تالىشىۋاتقان، بىر
بىر گۇرۇھ كىشىلەر تەڭرىگە شەك كەلتۈرۈش ياكى جەزمى قىلىش
ئۈستىدە ھەيرەتتە تۇرغان بىر پەيتتە، تامنىڭ كەينىدىن ئوتتۇرىغا

چىقىپ: "يول ــ ئۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس!" دەپ ۋاقىرىغان ئادەم باشقا كىشى ئەمەس، دەل پەيلاسوپ ئۆمەر ھەييامنىڭ ئۆزى. شائىر بۇ رۇبائىيسىدا ئەينى زاماندىكى ئۆز ئوبرازىنى ناھايىتى توغرا سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇ شۇنداق دەۋالار ئۈستىدە ياندىن چىقىپ، دەۋاگەرلەرنىڭ پىكرىنى بولگەن، ئېتىقات نۇقتىسىدىن يېڭى دەۋر ئاچقان. ئۇ يولنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ۋە ئېنىق كورسىتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەينى زاماندا ئىراندىكى دىن ۋە مەزھەپ ماجىرالىرى چىگىش بىر زىمىندا شۇنداق مەنىۋى جاسارەت بىلەن مەيدانغا چىقىش ئۈچۈن مەخسۇس پاراسەت ۋە مەخسۇس يۈرەك كېرەك ئىدى......

㉔ شائىر بۇ رۇبائىيسىدا كونا ھوكۇمالارنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلار ئېيتقان "ئاناسۇر ئەربەئە" (4 ماددا: ئوت، سۇ، شامال ۋە توپا)نى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە كورسىتىدۇ. بۇ 4 خىل ماددىنى خىلمۇ ـ خىل مەزمۇندا كەلتۈرۈش بۇ كىتاپتا بىرقانچە يەردە ئۇچرايدۇ.

㉕ بۇ رۇبائىدا ئىسلام دۇنياسىدا "لىسانىل غەيب" (غايىپنىڭ تىلى) دەپ داڭقى چىققان نوپۇزلۇق مۇسۇلمان شائىر خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ پىكرى پەيلاسوپ ئۆمەر ھەييام بىلەن بىر نۇقتىدىن كېلىپ چىقىدۇ؛ خوجا ھاپىز بۇ نۇقتىدا ئۆز پىكرىنى مۇنداق قويغان:

"كەئبە بىلە بۇتخانانىڭ ئورتىسىدا پەرقى يوق،
ھەر تەرەپتىن قارىساڭ ھەم ئۇ باراۋەردۇر پەقەت."

www.uyghurkitap.com

本书根据阿布都拉·加吾拉提编辑的莪默·伽亚谟的《鲁拜集》（土耳其伊斯坦布尔1926年版）翻译出版，翻译时并参考了郭沫若所译《鲁拜集》等有关版本。

بۇ كىتاپ ئابدۇللا جەۋدەتنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1926 ـ يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل شەھرىدە نەشر قىلىنغان ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى نۇسخىسىغا ئاساسەن ۋە گومورو تەرجىمە قىلغان «رۇبائىيلار»دىن ھەم باشقا نۇسخىلاردىن پايدىلىنىپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەت ئېركى

مەسئۇل مۇھەررىر: توختى باقى

مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1981 ـ يىل 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1983 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى

ئاددى مۇقاۋىلىنىشىنىڭ باھاسى: 0.31 يۈەن

# 鲁拜集

（维吾尔文）

我默·伽亚谟著
努尔穆罕默德·艾尔克译

责任编辑：托合提·巴海
责任校对：热西提瓦依提

民族出版社出版 新华书店发行
民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：4
1981年3月第1版 1983年8月北京第2次印刷
平装本印数：4,701–10,200册 定价：0.31元
书号：M10049(4)97